# قۇرئان كەرىمدىكى
# تۆت ئاساسىي تېرمىن



قېرىنداشلار نەشرىياتى




قۇرئان كەرىمدىكى تۆت ئاساسىي تېرمىن

قېرىنداشلار نەشرىياتى

www.uyghurkitap.com

سەييىد ئەبۇلئەلا مەۋدۇدى

# قۇرئان كەرىمدىكى تۆت ئاساسىي ئۇقۇم

(ئىلاھ، رەب، ئىبادەت، دىن)

قېرىنداشلار نەشرىياتى
ئىستانبۇل - 2014

# قۇرئان كەرىمدىكى تۆت ئاساسىي تېرمىن

تەرجىمە قىلغۇچى: مىركامىلجان قەشقىرى

قېرىنداشلار نەشرىياتى
2014 ـ ئىستانبۇل

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# مۇندەرىجە

تەرجىماندىن ..................................................5
مۇقەددىمە ....................................................7
تۆت ئاساسىي ئىبرەمن (ئاتالغۇ) نىڭ ئەھمىيىتى ........................10
خاتا چۈشەنچىگە مۇپتىلا بولۇشنىڭ ئەسلى سەۋەبى .......................12
ئىلاھ، لۇغەتتىكى ئۇقۇملىرى ھەققىدە تەھلىل ..............................17
جاھىلىيەت ئەھلىنىڭ «ئىلاھ»قا بولغان تەسەۋۋۇرى ........................20
ئىلاھلىق بابىدىكى ھۆكۈمرانلىق.. ......................................30
قۇرئاننىڭ دەلىللىرى ...................................................31
رەب، لۇغەتتىكى ئۇقۇملىرى ھەققىدە تەھلىل ...............................46
«رەب» دېگەن سۆزنىڭ قۇرئاندىكى ئىشلىتىلىشى. ...........................49
ئازغۇن قەۋملەرنىڭ رۇبۇبىيەتكە دائىر خىيال، تەسەۋۋۇرلىرى...............54
نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى ...........................................55
ئاد قەۋمى ..............................................................69
سەمۇد قەۋمى ............................................................60
ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى ۋە نەمرۇد ..........................62
لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى ..........................................71
شۇئەيب ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى .......................................73
پىرئەۋن ۋە پىرئەۋن ئاھالىسى .........................................76
يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار ...............................................93

ئەرەب مۇشرىكلىرى.......................................98
قۇرئان كەرىمنىڭ رۇبۇبىيەتكە دائىر چاقىرىقلىرى......................108
ئىبادەت، لۇغەتتىكى ئۇقۇملىرى ھەققىدە تەھلىل......................120
ئىبادەت دېگەن سۆزنىڭ قۇرئاندا ئىشلىتىلىشى......................123
ئىبادەت ــ قۇللۇق ۋە ئىتائەت مەنىسىدە......................124
ئىبادەت ــ ئىتائەت مەنىسىدە..............................128
ئىبادەت ــ چوقۇنۇش مەنىسىدە..............................130
ئىبادەت ــ بەندىچىلىك ۋە قوللۇق، ئىتائەت ۋە چوقۇنۇش مەنىسىدە...135
دىن، لۇغەتتىكى ئۇقۇملىرى ھەققىدە تەھلىل......................147
«دىن» دېگەن سۆزنىڭ قۇرئاندا ئىشلىتىلىشى......................150
«دىن» دېگەن سۆزنىڭ بىرىنچى ۋە ئىككىنچى مەنىدە ئىشلىتىلىشى....152
«دىن» دېگەن سۆزنىڭ ئۈچىنچى مەنىدە ئىشلىتىلىشى......................155
«دىن» دېگەن سۆزنىڭ تۆتىنچى مەنىدە ئىشلىتىلىشى......................159
«دىن» دېگەن سۆزنىڭ ئومۇمىي ئىستىلاھ بولۇپ، (يەنى ئىبارە بولۇپ)
ئىشلىتىلىشى.............................................160

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## تەرجىماندىن

دۇنيا مۇسۇلمانلىرىنىڭ نىمە ئۈچۈن چۈشكۈنلىششكە باشلىغانلىقى ھەققىدە قانچە ئاچچىق، چوڭقۇر تەپەككۇر يۈرگۈزگەنسېرى، كۆز ئالدىمىزغا بىرىنچى بولۇپ ئۇچرايدىغان سەۋەبلەر، مۇسۇلمانلارنىڭ قۇرئان كەرىمنىڭ مەركىزى روھىدىن يىراقلىشىپ كەتكەنلىكى، ئۇنىڭ ئىنقىلابىي چاقىرىقلىرى ناتونۇش ھالغا كېلىپ قالغانلىقى، بولۇپمۇ «ئىلاھ»، «رەب»، «ئىبادەت» ۋە «دىن» قاتارلىق قۇرئان كەرىمدىكى تۆت ئاساسلىق ئاتالغۇنى ھەقىقىي روھى بىلەن چۈشەنمىگەنلىكى تۈپەيلىدىن خىلمۇخىل بىدئەتلەرگە چۆكۈپ، ئۆز كىيىمىنىڭ شىپاسى بىلەن تەرەققىياتىنىڭ شوتىسىنى دۇنيادىكى ساناقسىز غەلدىغەش ئەپكارۇ - نەزەرىيە ئورەكلىرىدىن ئىزدەپ ئاۋارە يۈرۈۋاتقانلىقى بولۇپ چىقىدۇ.

ئۇلۇغ ئىسلام مۇتەپەككۇرى سەييىد ئەبۇلئەلا مەۋدۇدى رەھمەھۇللاھ دۇنيادا تۆگىنىڭ چۇلۋۇرىدىن قولى ئاجرىمايدىغان ئەرەب خەلقىنى پۈتۈن دۇنياغا رەھبەر قىلىپ چىقالىغان قۇرئان كەرىمنىڭ نادىر ئىنقىلابىي چاقىرىقىنى قولىمىزدىكى بۇ كىتابنى يېزىش ئارقىلىق ئىنتايىن روشەن ئايدىڭلاشتۇرۇپ بەرگەن ھەمدە قۇرئاننى چۈشىنىشنىڭ ئەڭ ئاسان يولىنى كۆرسىتىپ بەرگەن بولۇپ، ئاللاھ تائالانىڭ سەييىد ئەبۇلئەلا مەۋدۇدى رەھمەھۇللاھقا قۇرئان ئىلمىدە نەقەدەر چوڭقۇر بەسىرەت ئاتا قىلغانلىقىنى بۇ كىتابتىن ئوچۇق كۆرىۋالغىلى بولىدۇ.

بۇ كىتاب ئوردۇ تىلىدا يېزىلىپ، تۇنجى نەشردىن چىقىپلا قىسقىغىنا مۇددەت ئىچىدە ئەللىكتىن ئارتۇق تىلغا تەرجىمە قىلىنىپ ئالەمشۇمۇل تەسىر ياراتقان بولۇپ، گەرچە ھەجمى كىچىك بولسىمۇ، سەييىد ئەبۇلئەلا مەۋدۇدى رەھمەھۇللاھنىڭ نادىر تەتقىقات ئەسەرلىرىنىڭ ئالدىنقى قاتارىدا تۇرۇپ كەلمەكتە.

مېنىڭچە كىتابنىڭ ئادەمنى قايىل قىلماي قويمايدىغان ئاجايىپ ئىسىل، ئۆزگىچە دەلىللىك تەتقىقات ئۇسلۇبى ھەققىدە ئۇزۇن توختىلىپ يۇرمىسەكمۇ، بۇ كىتابنىڭ ئەرەبچە تەرجىمىسىنى كۆرگەن ئالەمشۇمۇل ئىسلام ئالىمى شەھىد سەييىد قۇتۇپ رەھىمەھۇللاھنىڭ چوڭقۇر قايىللىق بىلەن: ـ مەن بۇ كىتابنى ئوقۇپلا «قۇرئاننىڭ سايىسىدا» ناملىق تەپسىرىمگە قايتا قاراپ چىقىش قارارىغا كەلدىم ـ دەپ باھا بەرگەنلىكى كىتابخانلارغا نىسبەتەن بۇ ئەسەرنىڭ زور ئەھمىيىتىنى ۋە ئالەمشۇمۇل تەسىرىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بەرسە كېرەك. لېكىن، ناۋادا كىتابنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى ئاپتورنىڭ سالاھىيىتىگە يارىشا لاياقەتلىك چىقماي قالغان بولسا، بۇنىڭدىكى يېتەرسىزلىكلەرنىڭ ھەممىسى ئاپتورغا ئەمەس، بەلكى ماڭا تەئەللۇق بولغان بولىدۇ. ھەر ھالدا مەن بۇ تەرجىمە ئەسىرىمنى لاياقەتلىك چىققانلىقى ئۈچۈن ئەمەس، پەقەتلا ئاللاھنىڭ دىنىغا خىزمەت قىلىشتىن ئىبارەت ئىخلاسىم سەۋەبلىك مېنىڭ ۋە ئاتا ـ ئانامنىڭ ئاللاھنىڭ ئەپۇ، رەھمىتىگە نائىل بولۇشىغا ۋەسىلە بولۇشىنى شۇنداقلا كەڭ ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئۆز دۇئالىرىدا بۇ ئالەمشۇمۇل ئەسەرنى كەڭ تۈركىستان خەلقىنىڭ دىققەت نەزىرىگە سۇنۇشقا ھەسسە قوشقان پۈتۈن قېرىنداشلارنى ئەسلەپ تۇرۇشنى تۆۋەنچىلىك بىلەن ئىلتىماس قىلىمەن.

مىركامىلجان قەشقىرى

2007 ـ 08 ـ 15 ـ كۈنى ئىستانبۇل

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

بِسْمِ اللَّهِ الرَّحْمَٰنِ الرَّحِيمِ

## مۇقەددىمە

قۇرئان كەرىمنىڭ ئىستىلاھىي لۇغەتلىرى(يەنى تېرمىنولوگىيىلىك ئاتالغۇلىرى) ئىچىدە ‹ئىلاھ›، ‹رەب›، ‹ئىبادەت›، ‹دىن› دېگەن بۇ تۆت سۆز ئەڭ ئاساسلىق ئەھمىيەتكە ئىگە. قۇرئان كەرىمنىڭ پۈتۈن دەۋىتى دەل مانا بۇ تۆت ئاتالغۇنىلا مەركەز قىلىدۇ. يەنى، «ئاللاھ تائالا تەنھا رەب ۋە ئىلاھتۇر. ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ بىر ئىلاھ ۋە رەب يوقتۇر. نە ئىلاھلىقتا، نە رەبلىكتە ھېچقانداق ئىككىنچى بىر شېرىكى يوقتۇر. شۇڭا پەقەت ئەنە شۇ ئاللاھنىلا ئۆزلىرىنىڭ رەببى ۋە ئىلاھى دەپ ئېتىراپ قىلىشلار، ئۇنىڭدىن باشقا ھەرقانداق بىرىنىڭ ئىلاھلىقىنى ۋە رەبلىكىنى پۈتۈنلەي ئىنكار قىلىشلار، پەقەت ئۇنىڭغىلا ئىبادەت قىلىپ، باشقىسىغا ئىبادەت قىلماسلار، دىنلارنى ئۇنىڭغىلا خالىس قىلىپ، باشقا پۈتۈن دىنلارنى رەت قىلىشلار» دېگەن تەلىماتنى چۆرىدەيدۇ. مىسال ئۈچۈن:

«وَمَا أَرْسَلْنَا مِن قَبْلِكَ مِن رَّسُولٍ إِلَّا نُوحِي إِلَيْهِ أَنَّهُ لَا إِلَٰهَ إِلَّا أَنَا فَاعْبُدُونِ»

«بىز سەندىن ئىلگىرى ئەۋەتكەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسىگىمۇ دەل مانا شۇنداق ۋەھيي قىلىپ: ‹مەندىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، ماڭىلا ئىبادەت قىلىڭلار› دېگەن ئىدۇق.»[①]

«وَمَا أُمِرُواْ إِلاَّ لِيَعْبُدُواْ إِلَهًا وَاحِدًا لاَّ إِلَهَ إِلاَّ هُوَ سُبْحَانَهُ عَمَّا يُشْرِكُونَ»

«ئۇلار پەقەت بىرلا ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشتىن باشقىغا بۇيرۇلغان ئەمەس. ئۇنىڭدىن باشقا ئىبادەتكە لايىق ھېچ ئىلاھ يوقتۇر. ئاللاھ ئۇلارنىڭ شېرىك كەلتۈرگەنلىرىدىن پاكتۇر.»[②]

«إِنَّ هَذِهِ أُمَّتُكُمْ أُمَّةً وَاحِدَةً وَأَنَا رَبُّكُمْ فَاعْبُدُونِ»

«شەكسىزكى، سىلەرنىڭ (يەنى پۈتۈن پەيغەمبەرلەرنىڭ) ئۈممىتى بىرلا ئۈممەتتۇر ۋە مەن سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلارمەن، ماڭىلا ئىبادەت قىلىڭلار»[③]

«قُلْ أَغَيْرَ اللّهِ أَبْغِي رَبًّا وَهُوَ رَبُّ كُلِّ شَيْءٍ»

«ئېيتقىنكى، ‹ئاللاھ ھەممە نەرسىنىڭ رەببى تۇرسا، ئۇنىڭدىن باشقا رەبنى ئىزدەمدىمەن؟›»[④]

«فَمَن كَانَ يَرْجُو لِقَاء رَبِّهِ فَلْيَعْمَلْ عَمَلًا صَالِحًا وَلَا يُشْرِكْ بِعِبَادَةِ رَبِّهِ أَحَدًا»

«كىمكى، رەببىگە مۇلاقات بولۇشنى ئۈمىد قىلىدىكەن ياخشى ئىش قىلسۇن. رەببىگە قىلىدىغان ئىبادەتكە باشقا ھېچكىمنى شېرىك قىلمىسۇن» (سۈرە كەھف 110 ـ ئايەت)

---

① سۈرە ئەنبىيا 25 ـ ئايەت.
② سۈرە تەۋبە 31 ـ ئايەت.
③ سۈرە ئەنبىيا 92 ـ ئايەت.
④ سۈرە ئەنئام 164 ـ ئايەت.

www.uyghurkitap.com

«وَلَقَدْ بَعَثْنَا فِي كُلِّ أُمَّةٍ رَّسُولاً أَنِ اعْبُدُواْ اللّهَ وَاجْتَنِبُواْ الطَّاغُوتَ»

**«بىز ھەر بىر ئۈممەتكە: ‹ئاللاھقا بەندىچىلىك قىلىڭلار، تاغۇتقا بەندىچىلىك قىلىشتىن پەرھىز قىلىڭلار› دېگەن يوليورۇق بىلەن پەيغەمبەر ئەۋەتتۇق.»**[1]

«أَفَغَيْرَ دِينِ اللّهِ يَبْغُونَ وَلَهُ أَسْلَمَ مَن فِي السَّمَاوَاتِ وَالأَرْضِ طَوْعًا وَكَرْهًا وَإِلَيْهِ يُرْجَعُونَ»

**«ئەمدىلىكتە ئۇلار ئاللاھنىڭ دىنىدىن باشقا دىننى خالامدۇ؟ ۋەھالەنكى، ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى پۈتۈن نەرسىلەر ئىختىيارىي ۋە ئىختىيارسىز رەۋىشتە ئاللاھقىلا بويسۇنغۇچىلاردۇر ھەمدە ئۇلار ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتىپ بارىدۇ.»**[2]

«قُلْ إِنِّي أُمِرْتُ أَنْ أَعْبُدَ اللَّهَ مُخْلِصًا لَّهُ الدِّينَ»

**«ئي پەيغەمبەر! ئېيتقىنكى، ‹مەن دىننى خالىس قىلغان ھالدا ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇلدۇم›.»**[3]

«إِنَّ اللّهَ رَبِّي وَرَبُّكُمْ فَاعْبُدُوهُ هَذَا صِرَاطٌ مُّسْتَقِيمٌ»

**«ئاللاھ مېنىڭمۇ رەببىمدۇر ۋە سىلەرنىڭمۇ رەببىڭلاردۇر، شۇڭلاشقا ئۇنىڭغىلا بەندىچىلىك قىلىڭلار، مانا بۇ توغرا يولدۇر»**[4]

قاتارلىق مۇشۇ بىرقانچە ئايەتلەرنى كەلتۈرۈشكە بولىدۇ. ھالبۇكى، قۇرئاننى ئوقۇغان ھەرقانداق كىشى تۇنجى نەزەردىلا ئۇنىڭدىكى پۈتۈن

---

[1] سۈرە نەھل 36 ـ ئايەت.
[2] سۈرە ئال ئىمران 83 ـ ئايەت.
[3] سۈرە زۇمەر 11 ـ ئايەت.
[4] ئال ئىمران 51 ـ ئايەت.

تەلىماتلارنىڭ دەل مۇشۇ تۆت ئاتالغۇنى چۈرىدەيدىغانلىقىنى ھېس قىلماي تۇرالمايدۇ. قۇرئاننىڭ مەركىزى ئىدېئولوگىيىسى (Central Idea) «رەب ۋە ئىلاھ پەقەتلا ئاللاھتۇر»، «ئىلاھلىق ۋە رەبلىك ئاللاھتىن باشقا ھېچ كىشىگە خاس ئەمەس»، «شۇڭا ئۇنىڭغىلا ئىبادەت قىلىش لازىم»، «دىن پۈتۈنلەي ئۇنىڭغىلا خالىس بولۇشى لازىم» دېگەن تۆت نۇقتىدىن ئىبارەتتۇر.

## تۆت ئاساسىي تېرمىن (يەنى ئاتالغۇ) نىڭ ئەھمىيىتى

شۇنىسى ئېنىقكى، قۇرئان كەرىمنىڭ تەلىماتلىرىنى ياخشى چۈشىنىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن بۇ تۆت ئىستىلاھنى (يەنى ئاتالغۇنى) توغرا ۋە مۇكەممەل چۈشەنمەي قەتئىي بولمايدۇ. چۈنكى ناۋادا كىشى «ئىلاھ» بىلەن «رەب»نىڭ نېمە مەنىسى بارلىقىنى، ئىبادەتنىڭ تەبىرىنى، زادى نېمىنىڭ «دىن» دەپ ئاتىلىدىغانلىقىنى، چۈشەنمىسە، ئۇنىڭغا نىسبەتەن پۈتۈن قۇرئان كەرىم مەنىسىز ھالغا كېلىپ قالغان بولىدۇ. ئۇ نە تەۋھىدنى بىلەلمەيدۇ، نە شېرىكنى چۈشەنمەيدۇ، نە ئىبادەتنى ئاللاھقا خالىس قىلالمايدۇ، نە دىنىنى پەقەتلا ئاللاھقا مەخسۇسلاشتۇرالمايدۇ. خۇددى شۇنىڭدەك، ناۋادا بۇ تۆت ئاتالغۇنىڭ ئۇقۇمى ئۇنىڭ ئىدىيىسىدە ئۇچۇق ھەم مۇكەممەل بولمىسا، ئۇنىڭغا نىسبەتەن قۇرئاننىڭ پۈتۈن تەلىماتى ئۇچۇق بولمىغان بولىدۇ. قۇرئانغا ئىمان كەلتۈرۈپ تۇرۇپمۇ ئۇنىڭ ئەقىدىسى ۋە ئەمەلىي مۇكەممەللەشمىگەن ھالدا قالىدۇ. ئۇ «لائىلاھە ئىللەللاھ» (ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوق) دەۋېتىپمۇ يەنە باشقىلارنى ئىلاھ قىلىۋېلىپ كېتىۋېرىدۇ. ئاللاھتىن باشقا ھېچ بىرىنىڭ رەب ئەمەسلىكىنى

جاكارلاپ يۈرۈۋاتقان بولسىمۇ، يەنە نۇرغۇنلىغان «ئاللاھتىن باشقا ئەربابلار» ئۇنىڭغا رەب بولۇۋالغان بولىدۇ. ئۇ ئاجايىپ ياخشى نىيەت بىلەن «مەن ئاللاھتىن باشقىغا ئىبادەت قىلمايمەن» دەپ يۈرۈپمۇ، يەنىلا نۇرغۇنلىغان مەبۇدلارنىڭ ئىبادىتى بىلەن مەشغۇل بولۇپ كېتىۋېرىدۇ. ئۇ بار كۈچى بىلەن «مەن ئاللاھنىڭ دىنىدا» دەپ جار سېلىپ يۈرىدۇ، ھەتتا ئۇنى «باشقا بىرەر دىندا» دەپ سالسىڭىز، شۇ ھامان سىز بىلەن جېدەل قىلىشنى باشلىۋېتىدۇ، ئەمما شۇنداقتىمۇ باشقا نۇرغۇنلىغان دىنلارنىڭ بويۇنتۇرۇقى ئۇنىڭ گەردىنىگە ئېسىلغان بولىدۇ. ئاللاھتىن باشقا ئىككىنچى بىرسى ئۈچۈن «ئىلاھ»، «رەب» دېگەن ئاتالغۇلار ئۇنىڭ ئېغىزىدىن ھەرگىز چىقىپ قالمايدۇ. لېكىن بۇ سۆزلەر ئۈچۈن بەلگىلەنگەن مەنىلەر نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇنىڭ باشقا نۇرغۇنلىغان «ئىلاھ» ۋە «رەب»لىرى بولغان بولىدۇ. ئۇ بىچارە ئۆزىنىڭ راستىنلا ئاللاھتىن باشقىلارنىمۇ ئىلاھ ۋە رەب قىلىۋالغانلىقىدىن خەۋەرسىز يۈرۈۋېرىدۇ. ئەگەر سىز ئۇنىڭغا «سەن ئاللاھتىن باشقىغا ئىبادەت قىلىۋاتىسەن، دىنىدا شېرىكچىلىككە بېرىلىۋاتىسەن» دەيدىغان بولسىڭىز، شۇ ھامان چىشىڭىزنى تۆكۈپ، بۇرنىڭىزنى يەنچىۋېتىشكە يۈگرەيدۇ. ئەمما دىن ۋە ئىبادەتنىڭ ھەقىقىتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ئۇ راستىنلا باشقا دىنغا كىرىپ قالغان بولىدۇ. ئۇ قىلىۋاتقان ئەمەللىرىنىڭ ئەمەلىيەتتە باشقا بىرىنىڭ ئىبادىتىگە ئايلىنىپ قالغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ ئۆۋەتتىكى شۇ ھالى ئاللاھتىن باشقىنىڭ دىنىغا كىرىپ قالغان بىلەن پەرقلەنمەيدىغانلىقىنى بىلمەي كېتىۋېرىدۇ.

## خاتا چۈشەنچىگە مۇپتىلا بولۇشنىڭ ئەسلى سەۋەبى

ئەرەب خەلقىگە قۇرئان نازىل بولۇۋاتقان چاغلاردا ھەممە ئادەم «ئىلاھ» دېگەننىڭ نېمە مەنىسى بارلىقىنى، كىمنى «رەب» دەيدىغانلىقىنى ناھايىتى پىششىق بىلەتتى. چۈنكى بۇ ھەر ئىككى ئاتالغۇ ئۇلارنىڭ كۈندىلىك سۆزلىرىدە بۇرۇندىنلا ئىشلىتىلەتتى. ئۇلار بۇ سۆزلەرنىڭ زادى قايسى مەنىگە قارىتىلغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى. شۇڭا ئۇلارغا «ئاللاھ تائالا تەنھا ئىلاھ ۋە رەبتۇر، ئىلاھلىق ۋە رەبلىكتە باشقا ھېچ كىشىنىڭ ھەسسىدارلىقى يوقتۇر» دېيىلگەندە، پۈتۈن گەپنىڭ تەكتىگە يېتىپ بولغان ئىدى. ئۇلار نېمىنىڭ ئاللاھقىلا خاسلاشتۇرۇلۇپ، نېمىنىڭ باشقىلارغا نىسبەتەن رەت قىلىنىۋاتقانلىقىنى ھېچ شۈبھىسىز ۋە تىڭىرقاشسىز ھالدا بىلىپ يەتكەن ئىدى. شۇڭا مۇخالىپەتچىلىك قىلىدىغانلارمۇ ئاللاھتىن باشقىنىڭ ئىلاھلىقى بىلەن رەبلىكىنى رەت قىلىشتىن زادى قەيەرگە زەربە تېگىۋاتقانلىقىنى بىلىپ قارشى چىققان بولسا، ئىمان ئېيتقانلارمۇ بۇ ئەقىدىنى قوبۇل قىلىش بىلەن نېمىنى تاشلاپ، نېمىنى تاللاش لازىملىقىنى بىلىپ ئىمان ئېيتقان ئىدى. خۇددى شۇنىڭدەك «ئىبادەت» ۋە «دىن» دېگەن سۆزلەرمۇ ئۇلارنىڭ تىلىدا بۇرۇندىنلا ئومۇملىشىپ كېلىۋاتقان ئاتالغۇ بولغاچقا، ئۇلار ئىبادەتنىڭ زادى نېمىلىكىنى، ئۇبۇدىيەت (يەنى ئىبادەتگويلۇق) نىڭ زادى قانداق ھالەتنى بىلدۈرىدىغانلىقىنى ھەمدە دىننىڭمۇ تولۇق ئۇقۇم، مەنىلىرىنى پىششىق بىلەتتى. شۇڭا ئۇلارغا: «باشقا بارلىق ئىبادەتلەرنى تاشلاپ، پەقەت بىرلا ئاللاھقا ئىبادەت قىلىڭلار، پۈتۈن بارلىق دىنلاردىن چىقىپ، ئاللاھنىڭ دىنىغىلا كىرىڭلار» دېيىلگەندە، ئۇلار قۇرئاننىڭ تەلىماتىنى چۈشىنىشتە

هەرگىز خاتا تونۇشقا كېلىپ قالمىغان ئىدى. ئۇلار بۇنى ئاڭلاش بىلەنلا بۇ تەلىماتنىڭ ئۇلارنىڭ تۇرمۇش تۈزۈلمىسىدە زادى قانداق ئۆزگىرىشلەرنىڭ بولۇشىنى تەلەپ قىلىۋاتقانلىقىنى چۈشىنىپ يەتكەن ئىدى. ئەمما كېيىنكى چاغدا ئەسىرلەرنىڭ ئۆتىشىگە ئەگىشىپ، بۇ سۆزلۈكلەرنىڭ قۇرئان نازىل بولۇۋاتقان چاغدىكى ھەممە چۈشىنىدىغان ئەسلى مەنىسى ئۆزگىرىپ كېتىشكە باشلىدى. ھەتتاكى، ھەر بىر سۆز ئۆزىنىڭ پۈتۈن مەنىۋى كەڭلىكىدىن ئايرىلىپ، ئىنتايىن تار دائىرىلەرگە كىرىپ قالدى، بەلكى نا ئېنىق ئۇقۇملار ئۈچۈن خاسلىشىپ قالدى. بۇنىڭ بىر سەۋەبى ساپ ئەرەب تىلى ئىشتىياقىنىڭ كەملىكى بولغان بولسا، يەنە بىر سەۋەبى ئىسلام ئىجتىمائىي جەمئىيىتىدە كېيىن بارلىققا كەلگەن كىشىلەرنىڭ ئېڭىدا «ئىلاھ»، «رەب»، «دىن» ۋە «ئىبادەت» قاتارلىق سۆزلەرنىڭ ئۇقۇمى ئىلگىرى قۇرئان نازىل بولۇۋاتقان چاغدىكى غەيرىي ئىسلام ئىجتىمائىي جەمئىيىتىنىڭ ئېڭىدىكىگە ئوخشاش ئىنچىللاشمىغانلىقى بولغان ئىدى. شۇڭا ئاخىرقى دەۋرلەردىكى تەپسىرلەردە قۇرئاننىڭ بۇ سۆزلىرى ئەسلى لۇغەت مەنىسى بويىچە ئەمەس، بەلكى كېيىنكى مۇسۇلمانلارنىڭ چۈشەنچىسىدىكى مەنىسى بويىچە شەرھلىنىشكە باشلىدى.

مەسىلەن: «ئىلاھ» دېگەن سۆز ئاساسەن مەبۇدلارغا مەنىداش قىلىپ قويۇلدى. «رەب» دېگەن سۆزنى بولسا، پەرۋەردىگار، بېقىپ، پەرۋىش قىلغۇچى دېگەنلەرگە يانداش قىلىپ قويىدى. «ئىبادەت»نىڭ مەنىسى، چوقۇنۇش، تېۋىنىش قىلىۋېلىنغان بولسا، «دىن»، «ئەقىدە ـ (Religion) ئېتىقاد» دېگەنلەر بىلەن ئوخشاش بولۇپ قالدى. تاغۇت دېگەن سۆزمۇ

«شەيتان» دەپ تەرجىمە قىلىنىشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن نەتىجىدە قۇرئاننىڭ ئەسلى مۇددىئاسىنى چۈشىنىش كىشىلەرگە نىسبەتەن قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى.

قۇرئان «ئاللاھتىن باشقىنى ئىلاھ قىلىۋالماڭلار» دەيدۇ. ئەمما كىشىلەر «بىز بۇت، مەبۇدلارنى چۈرۈپ تاشلاپ بولغاندىن كېيىن ئەمدى قۇرئاننىڭ مۇددىئاسىنى ئىشقا ئاشۇرغان بولدۇق» دەپ ئويلىشىدۇ. ھالبۇكى، ئۇلار «ئىلاھ» دېگەن سۆزنىڭ مەنە دائىرىسىگە كىرىدىغان باشقا ھەممە نەرسىنى تېخىچە مەھكەم تۇتۇپ تۇرۇۋاتقان بولىدۇ ۋە ئۆزلىرىنىڭ ئاللاھتىن باشقىنى ئىلاھ قىلىۋېلىپ بارغانلىقىنى بىلمەيدۇ.

قۇرئان «ئاللاھتىن باشقىنى رەب قىلىۋالماڭلار» دەيدۇ. ئەمما كىشىلەر «بىز ئاللاھتىن باشقىنى پەرۋەردىگار دەپ ئېتىراپ قىلمىغاندىن كېيىن، ئەمدى بىزنىڭ تەۋھىدىمىز مۇكەممەل بولغان بولىدى» دەپ ئويلىشىدۇ. ۋەھالەنكى، ئۇلارغۇن كىشىلەر «رەب» دېگەن سۆزنىڭ زادى نېمىگە قارىتىلغانلىقىدىن ئىبارەت مەنە نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ئاللاھنى تاشلاپ باشقىلارنىڭ رۇبۇبىيىتىنى ئېتىراپ قىلغان بولىدۇ.

قۇرئان «تاغۇتقا ئىبادەت قىلىشنى تاشلاڭلار، پەقەت ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىڭلار» دەيدۇ. ئەمما كىشىلەر «بىز بۇتقا چوقۇنمايمىز، شەيتانغا لەنەت ئوقۇيمىز، پەقەت ئاللاھقىلا سەجدە قىلىمىز، شۇڭلاشقا بىز قۇرئاننىڭ سۆزىنى ئىشقا ئاشۇرغان بولدۇق» دېيىشىدۇ. ھالبۇكى، ئۇلار تاشتىن ياسالغان مەبۇدلاردىن باشقا بارلىق تاغۇتلارنىڭ پېشىگە تېخىچە مەھكەم ئېسىلغان

www.uyghurkitap.com

بولىدۇ. چوقۇنۇشتىن باشقا بارلىق ئىبادەت تۈرلىرىنى ئاللاھتىن باشقىلارغا مەخسۇسلاشتۇرۇۋالغان بولىدۇ.

دىنىنىڭ ئەھۋالىمۇ دەل مۇشۇنىڭغا ئوخشايدۇ. «دىنىنى پەقەت ئاللاھقىلا خالىس قىلىش لازىم» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسىنى كىشىلەر «ھىندى، خرىستىئان ياكى يەھۇدىي بولۇپ قالماي، ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلسىلا بولىدۇ» دەپ چۈشىنىدۇ. شۇڭا ئىسلام دىنىغا كىرگەن ھەر بىر كىشى «مەن دىنىنى پەقەت ئاللاھقىلا خالىس قىلدىم» دەپ ئويلايدۇ. ھالبۇكى، دىنىنىڭ ئومۇمىي مەنىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، نۇرغۇن كىشىلەر ئۆز دىنىنى تېخىچە ئاللاھقا خالىس قىلالمىغان بولىدۇ.

قىسقىسى، بۇ تۆت ئاساسلىق ئاتالغۇنىڭ مەنە، ئۇقۇملىرى پەردىلىنىپ قالغانلىقى تۈپەيلىدىن قۇرئاندىكى تەلىماتلارنىڭ تۆتتىن ئۈچ قىسمىدىن كۆپرەكى، بەلكى ھەقىقىي روھى كۆزلەردىن مەستۇر ھالغا كېلىپ قالغان. ئىسلامنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىنمۇ كىشىلەرنىڭ ئەقىدە، ئەمەللىرىدە كۆرۈنۈۋاتقان پۈتۈن يېتەرسىزلىكلەرنىڭ ئەڭ چوڭ سەۋەبلىرىنىڭ بىرسى دەل مۇشۇنىڭدىنلا ئىبارەتتۇر. شۇڭا قۇرئان كەرىمنىڭ مەركىزى تەلىماتلىرىنى ۋە ھەقىقىي مۇددىئاسىنى ئوچۇق ھەم روشەن ھالدا چۈشەندۈرۈپ بېرىشىمىز ئۈچۈن ئالدى بىلەن مۇشۇ تۆت ئاتالغۇنى تولۇق شەرھلەپ بېرىشكە توغرا كېلىدۇ. گەرچە مەن ئىلگىرىكى قانچىلىغان ئەسەرلىرىمدە بۇلارنىڭ مەنىسىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ بېرىشكە خېلىلا تىرىشقان بولساممۇ، ئەمما ئۇ پۈتۈن خاتا ئۇقۇملارنى تازىلاپ كېتىشكە يېتەرلىك ئەمەس ئىدى ھەممىدە كىشىلەرنىمۇ تولۇق قانائەتلەندۈرەلەيدۇ دېگىلى

بولمايتتى. شۇڭا مەن بۇ كىتابتا مەزكۇر تۆت ئاتالغۇنى مۇكەممەل شەرھلەپ بېرىشكە ۋە شۇ ھەقتە قۇرئان، سۈننەت ۋە لۇغەتلەردىن دەلىل كەلتۈرمەي ھېچ بىر سۆزنى قىلماسلىققا تىرىشتىم.

سەييد ئەبۇلئەلا مەۋدۇدى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# ئىلاھ

## لۇغەتتىكى ئۇقۇملىرى ھەققىدە تەھلىل

ئەرەب تىلىدىكى ا، ل، ھ دىن ئىبارەت بۇ ئۈچ ھەرپتىن تۈزۈلگەن سۆزنىڭ لۇغەتتە ئىپادىلەنگەن مەنىلىرى تۆۋەندىكىچە:

1 ـ أَلِهَ اذا تحيّر ـ مەنىسى، **ھەيرانۇ ـ ھەس قالدى.**

2 ـ أَلِهْتُ اِلى فُلاَنٍ اَىْ سَكَنْتُ اِلَيْهِ ـ مەنىسى، **ئۇنىڭ پاناھىغا ئۆتۈپ ياكى ئۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋەت باغلاپ ئامانلىققا ۋە خاتىرجەملىككە سازاۋەر بولدۇم.**

3 ـ أَلِهَ الرَّجُلُ يَأْلَهُ اِذَا فَزِعَ مِنْ اَمْرٍ نَزَلَ بِهِ فَآلَهَهُ غَيْرُه اَىْ اَجَارَهُ

مەنىسى، **كىشى بىرەر مۇسىبەت ياكى ئازابنىڭ نازىل بولىدىغانلىقىدىن قورققاندا، ئۇنىڭغا پاناھلىق بەردى.**

4 ـ أَلِهَ الرَّجُلُ اِلَى الرَّجُلِ اِتَّجَهَ اِلَيْهِ لِشِدَّةِ شَوْقِهِ اِلَيْهِ ـ مەنىسى، **كىشى ئۇنىڭغا چوڭقۇر ئىشتىياق بىلەن دىققىتىنى مەركەزلەشتۈردى.**

5 ـ أَلِهَ الفَصِيْلُ اِذَا وَلِهَ بِأُمِّهِ ـ مەنىسى، **ئانىسىدىن ئايرىلىپ قالغان بوتىلاق، ئانىسىنى تېپىپلا ئۇنىڭغا يېپىشىۋالدى.**

6 ـ لاَه يَلِيْهُ لِيْهًا وَلاَهًا اِذَا احْتَجَبَ ـ مەنىسى، **مەخپىي، مەستۇر بولدى ھەمدە يۇقىرى كۆتۈرۈلدى، يۈكسەك بولدى.**

7 ـ اِلهٌ اِلهةً وَاَلُوهَةً وَأُلُوهِيَّةً عَبَدَ ـ يەنى **ئىبادەت قىلدى.**

يۇقىرىقى بۇ پۈتۈن تۆت سۆزلەر، شۇنداقلا مەنە، ئۇقۇملار ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزىدىغان بولساق، نېمە ئۈچۈن اَلَهَ يَالَهُ اِلهَةً نىڭ مەنىسى **ئىبادەت**

**(چوقۇنۇش)** ۋە ئىلاھ نىڭ مەنىسى **«مەبۇد»**، **«ئىبادەت قىلىنغۇچى»** بولۇپ چىقىدىغانلىقىنى ئىنتايىن ياخشى چۈشىنىپ يېتەلەيمىز.

بىرىنچىدىن، ئىنساننىڭ موھتاجلىقى ئۇنىڭ ئىدىيىسىدە ئىبادەت ئۇچۇن تۇنجى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ رول ئوينايدۇ. ئىنسان ئۆز خىيالىدا «ھاجىتىمنى راۋا قىلىدۇ، خەۋپ، مۇسىبەتلەردىن پاناھلىق بېرىدۇ، ئىزتىراپلىق ئەھۋالدا خاتىرجەملىك بەخش ئېتىدۇ» دەپ ئويلىماي تۇرۇپ ھېچ بىرسىگە ئىبادەت قىلمايدۇ.

ئىككىنچىدىن، ئىنسان بىرسىنى «ھاجەتنى راۋا قىلغۇچى» دەپ قارىسا، بۇ تەسەۋۋۇر ئۇنىڭ ئۇستۈنلۈكىنىمۇ ئېتىراپ قىلىش بىلەن بىرگە كۈچ - قۇۋۋەت جەھەتتىمۇ ئۇنىڭ يۈكسەكلىكىگە قايىل بولۇشىنى تەلەپ قىلماي قالمايدۇ.

ئۈچىنچىدىن، ئىنساننىڭ ئېھتىياجى مۇئەييەن سەۋەب ۋە ئامىللار ئاساسىدا قاندۇرۇلغاندا ياكى ئېھتىياجىنىڭ قاندۇرۇلۇش جەريانى ئىنساننىڭ كۆز ئالدىدا ۋە ياكى بىلىم دائىرىسى ئىچىدە بولغاندا، ئىنسان قەلبىدە ھەرگىزمۇ چوقۇنۇش تۇيغۇسىنىڭ پەيدا بولمايدىغانلىقى ھەممىگە ئايان ھەقىقەت. مەسىلەن: ماڭا پۇل كېرەك بولسا، ئالدى بىلەن بىرەر كىشىنىڭ ئالدىغا بېرىپ خىزمەت تەلەپ قىلىمەن، ناۋادا ئۇ كىشى تەلىپىمنى قوبۇل قىلسا، مېنى ئىشلىتىپ، ماڭا مائاش بېرىدۇ. بۇ پۈتۈن جەريانلار مېنىڭ ئىلمىم بىلەن ھېسلىرىم دائىرىسىدە مەيدانغا كېلىدىغان بولغاچقا ھەمدە ئۇ كىشىنىڭ ئېھتىياجىمنى زادى قانداق يول بىلەن قاندۇرىۋاتقانلىقىنى مەن بىلىدىغان بولغاچقا، مېنىڭ ئىدىيەمدە ئۇ كىشىنى ئىبادەتكە ھەقلىق دەپ

قارايدىغان خىيال قەتئىي پەيدا بولۇپ قالمايدۇ. چوقۇنۇش تۇيغۇسى دېگەن، چوقۇمكى ئۇنىڭ چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىش، ھاجەتنى راۋا قىلىش، كۈچ ـ قۇدرەت، يۈكسەك سالاھىيەت جەھەتتىكى پۈتۈن خارەكتېرى ئاجايىپ مەخپىي بولغان ئەھۋالدىلا ئاندىن شەكىللىنىدۇ. شۇڭلاشقا بۇ سۆزنىڭ مەبۇد ئۈچۈن ئىشلىتىلىشى يۈكسەكلىك بىلەن بىرگە مەخپىيلىكنىمۇ بىلدۈرىدىغان، ئادەمنى ھەيرانۇ ھەس قالدۇرىدىغان دېگەن ئۇقۇملارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولىدۇ.

تۆتىنچىدىن، ئىنسان قانداقلا بىرسىنى «ھاجەتنى راۋا قىلىدۇ، خىيىم ـ خەتەردىن قوغدايدۇ، پەرىشان چاغدا خاتىرجەملىك بەخش ئېتىدۇ» دەپ ئويلىغاندا تەبىئىي ھالدا پۈتۈن ئىشتىياقى بىلەن ئۇنىڭغا ئىنتىلىدۇ. دېمەك، بۇنىڭدىن مەلۇمكى، مەبۇد دېگەن ئۇقۇم ئۈچۈن «ئىلاھ» دېگەن سۆزنىڭ ئىشلىتىلىشىگە ئۇ زاتنىڭ ھاجەتنى راۋا قىلىش، پاناھلىق بېرىش، خاتىرجەملىك بەخش ئېتىش، ئۈستۈنلۈك ۋە ھۆكۈمرانلىق قاتارلىق كۈچ ـ قۇدرەت، ھوقۇقلارغا ساھىب بولغانلىقى، شۇنداقلا ئۇنىڭ نەزەرلەردىن مەخپىي ئىنتايىن سىرلىق بولۇشى، ئىنسانىنىڭ ئۇنىڭغا ئىشتىياق بىلەن ئىنتىلىشى ئاساس بولغان.

## جاھىلىيەت ئەھلىنىڭ «ئىلاھ»قا بولغان تەسەۋۋۇرى

يۇقىرىقى لۇغەت تەتقىقاتىدىن كېيىن قۇرئان رەددىيە بەرمەكچى بولۇۋاتقان ئەرەب خەلقىدىكى ۋە باشقا قەدىمكى قەۋملەردىكى «ئىلاھ»قا بولغان تەسەۋۋۇرلارنىڭ زادى نېمىلەردىن ئىبارەت ئىكەنلىكىگە قاراپ چىقىش لازىم.

1 ـ نۇقتا، «وَاتَّخَذُوا مِن دُونِ اللَّهِ آلِهَةً لِّيَكُونُوا لَهُمْ عِزًّا»

**«ئۇلار ئاللاھنى قويۇپ ئۆزلىرىگە كۈچ ـ قۇۋۋەت ۋاستىسى قىلىش ئۈچۈن (ياكى شۇلارنىڭ پاناھىدا قوغدىنىش ئۈچۈن) باشقا ئىلاھلارنى ياسىۋېلىشتى.»**[1]

«وَاتَّخَذُوا مِن دُونِ اللَّهِ آلِهَةً لَعَلَّهُمْ يُنصَرُونَ»

**«ئۇلار ياردەمگە ئېرىشىشنى ئۈمىد قىلىپ، ئاللاھتىن باشقىنى ئىلاھ قىلىۋالدى (يەنى ئاشۇ ئىلاھ ئۇلارغا ياردەم قىلىدۇ دەپ ئويلىدى)»** (سۈرە ياسىن 74 ـ ئايەت.)

مانا بۇ ھەر ئىككى ئايەتتىن مەلۇمكى، جاھىلىيەت ئەھلى ئىلاھ قىلىۋالغان مەبۇدلىرى ھەققىدە «ئۇلار بىزگە ئارقا تۈۋرۈك بولىدۇ، مۇشەققەت، قىيىنچىلىقلاردا مۇھاپىزەت قىلىشقا ئېرىشىمىز، ھىمايىسى ئاستىدا خاتىرجەملىككە سازاۋەر بولىمىز» دەپ ئويلىشاتتى.

2 ـ نۇقتا، «فَمَا أَغْنَتْ عَنْهُمْ آلِهَتُهُمُ الَّتِي يَدْعُونَ مِن دُونِ اللَّهِ مِن شَيْءٍ لَّمَّا جَاءَ أَمْرُ رَبِّكَ وَمَا زَادُوهُمْ غَيْرَ تَتْبِيبٍ»

[1] سۈرە مەريەم 81 ـ ئايەت.

كىتاب تورى uyghurkitap.com www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

**«پەرۋەردىگارىڭنىڭ (ئۇلارنى ھالاك قىلىش) پەرمانى كەلگەندە، ئۇلارنىڭ ئاللاھنى قويۇپ چاقىرىپ يۈرىدىغان مەبۇدلىرى ھېچ نەرسىگە ئەسقاتمىدى، ئۇلار ئۇچۇن زىيان ۋە ھالاكەتتىن باشقىنىڭ كۆپىيىشىگە سەۋەب بولمىدى.»**[1]

«وَالَّذِينَ يَدْعُونَ مِن دُونِ اللّهِ لاَ يَخْلُقُونَ شَيْئًا وَهُمْ يُخْلَقُونَ. أَمْواتٌ غَيْرُ أَحْيَاء وَمَا يَشْعُرُونَ أَيَّانَ يُبْعَثُونَ. إِلَهُكُمْ إِلَهٌ وَاحِدٌ»

**«ئۇلارنىڭ ئاللاھنى قويۇپ چاقىرىۋاتقانلىرى ھېچ نەرسىنىڭ ياراتقۇچىسى ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى يارىتىلغاندۇر. تىرىك ئەمەس، ئۆلۈكتۇر. ئۇلار قاچان، قايتا تىرىلدۈرۈلىدىغانلىقىنىمۇ بىلمەيدۇ. سىلەرنىڭ ئىلاھىڭلار پەقەت بىرلا ئىلاھتۇر»**[2]

«وَلَا تَدْعُ مَعَ اللَّهِ إِلَهًا آخَرَ لَا إِلَهَ إِلَّا هُوَ»

**«ئاللاھقا قوشۇپ باشقا بىر ئىلاھنى چاقىرمىغىن③، ئاللاھتىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر.»**[4]

«وَمَا يَتَّبِعُ الَّذِينَ يَدْعُونَ مِن دُونِ اللّهِ شُرَكَاء إِن يَتَّبِعُونَ إِلاَّ الظَّنَّ وَإِنْ هُمْ إِلاَّ يَخْرُصُونَ»

---

① سۈرە ھۇد 101 ـ ئايەت.

② سۈرە نەھل 20 ـ 22 ـ ئايەت.

③ بۇ يەردە شۇنى ئەستىن چىقارماسلىق لازىمكى، قۇرئان كەرىمدە «ئىلاھ» دېگەن سۆز ئىككى مەنىدە ئىشلىتىلىدۇ. بىرىسى، ھەق ياكى باتىل بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئىبادەت قىلىنىۋاتقان ئىلاھ. يەنە بىرىسى، ئىبادەت قىلىشقا تېگىشلىك ھەقىقىي ئىلاھ. بۇ ئايەتتە «ئىلاھ» دېگەن سۆز ئىككى يەردە، دەل مۇشۇ ئىككى ئايرىم مەنىدە ئىشلىتىلگەن.

④ سۈرە قەسەس 88 ـ ئايەت.

**«ئاللاھنى قويۇپ، باشقا شېرىكلەرنى چاقىرىدىغان كىشىلەر پەقەت يوقىلاڭ پەرەزگىلا تايىنىدۇ، ئۇلار پەقەت جۆيلۈيدۇ.»** (سۈرە يۇنۇس، 66 ـ ئايەت)

بۇ ئايەتلەر بىلەن يەنە بىر قانچىلىغان نۇقتىلار ئايدىڭلىشىدۇ. بىرىنچىدىن، جاھىلىيەت ئەھلى «ئىلاھ» دەپ ئاتىۋالغانلىرىنى ھاجەتلىرىنىڭ راۋانلىقى ۋە مۇشكۈللىرىنىڭ ئاسانلىقى ئۈچۈن چاقىرىشاتتى. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، شۇلارغا دۇئا قىلىشاتتى. ئىككىنچىدىن، ئۇلارنىڭ بۇ ئىلاھلىرى جىن، پەرىشتە مەبۇدلاردىنلا تەشكىل تاپقان بولماستىن، بەلكى ئۆلگەن ئىنسانلاردىنمۇ تەشكىل تاپقان ئىدى. بۇ نۇقتىنى يۇقىرىقى ئايەتتىكى

«أَمْواتٌ غَيْرُ أَحْيَاء وَمَا يَشْعُرُونَ أَيَّانَ يُبْعَثُونَ»

**«تىرىك ئەمەس، ئۆلۈكتۇر. ئۇلار قاچان قايتا تىرىلدۈرۈلىدىغانلىقىنىمۇ بىلمەيدۇ.»** دېگەن سۆزلەر ئېنىق ئىپادىلەپ تۇرۇپتۇ. ئۈچىنچىدىن، ئۇلار ئاشۇ ئىلاھلار ھەققىدە «دۇئالىرىمىزنى ئاڭلاپ ياردەمگە كېلىشكە قادىر» دەپ خىيال قىلىشاتتى.

بۇ يەردە ئالدى بىلەن «ئىلاھ»قا قىلىنىۋاتقان دۇئانىڭ ئۇقۇمىنى ۋە «ئىلاھ»تىن كۈتۈلىۋاتقان ياردەمنىڭ خاراكتېرىنى چۈشىنىۋېلىش ئىنتايىن مۇھىم.

مەسىلەن: مەن ئۇسساپ كەتكەن بولسام، خىزمەتچىنى سۇ ئەكىلىپ بېرىشكە چاقىرىمەن، ياكى كېسەل بولۇپ قالسام، دورا ئۈچۈن دوختۇرنى چاقىرىمەن. بۇ دۇئا قىلغانلىقمۇ بولمايدۇ، نە خىزمەتچى بىلەن دوختۇرنى ئىلاھ قىلىۋالغانلىقمۇ بولمايدۇ. چۈنكى بۇ ئىشنىڭ ھەممىسى سەۋەبتىن

تاشقىرى ئالەمگە ئەمەس، بەلكى سەۋەبلەر ئالىمگە چېتىلغان بولىدۇ، ئەمما مەن ئۇسساپ قالغان ياكى كېسەل بولۇپ قالغان ئەھۋالدا خىزمەتچى بىلەن دوختۇرنىڭ ئورنىغا بىرەر ئەۋلىيانى، ياكى باشقا بىرەر مەبۇدنى چاقىرسام، ئۇ چاغدا باشقىنى ئىلاھ قىلىۋالغان ۋە باشقىغا دۇئا قىلغان بولىمەن. چۈنكى ئەۋلىيا ھەزرىتىم مەندىن مىڭلىغان مىتىر يىراقلىقتىكى بىرەر قەبرە سۈكۈناتلىقىدا ياتقان بولىدۇ. ئۇنى چاقىرىشىنىڭ مەنىسى، ئۇنى «ئاڭلىيالايدۇ، كۆرەلەيدۇ، سەۋەبلەر ئالىمگە ھۆكۈمرانلىق قىلالايدۇ، شۇڭا ماڭا سۇ يەتكۈزۈپ بەرگىلى ياكى كېسىلىمنى شىپا تاپقۇزغىلى يېتىپ كېلەلەيدۇ» دەپ ئويلىغانلىقىم بولىدۇ. خۇددى شۇنىڭدەك باشقا بىرەر مەبۇدنى چاقىرغانلىقىمۇ سۇ ۋە سالامەتلىك ئۈستىدە ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقى بار. تەبىئەتتىن تاشقىرى ھالدا ھاجىتىمنى راۋا قىلىش ئۈچۈن پۈتۈن سەۋەبلەرنى ھەرىكەتكە سالالايدۇ» دەپ قارىغانلىقىم بولىدۇ. دېمەك، دۇئا قىلىشتا ئاساس قىلىنغان ئىلاھىي تەسەۋۋۇر مۇتلەق ھالدا ئۇنى (Supernatural Authority) تەبىئەتتىن تاشقىرى ھۆكۈمرانلىقا ۋە تەبىئەتتىن تاشقىرى كۈچ ـ قۇدرەتكە خوجايىن دەپ تەسەۋۋۇر قىلغانلىق بولىدۇ.

3 ـ نۇقتا، «وَلَقَدْ أَهْلَكْنَا مَا حَوْلَكُم مِّنَ الْقُرَى وَصَرَّفْنَا الْآيَاتِ لَعَلَّهُمْ يَرْجِعُونَ. فَلَوْلَا نَصَرَهُمُ الَّذِينَ اتَّخَذُوا مِن دُونِ اللَّهِ قُرْبَانًا آلِهَةً بَلْ ضَلُّوا عَنْهُمْ وَذَلِكَ إِفْكُهُمْ وَمَا كَانُوا يَفْتَرُونَ»

**«بىز ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ ئەتراپىڭلاردىكى شەھەر خارابىلىقلىرىدا ئۇلارنى ھالاك قىلغان ئىدۇق. ئۇلارنى (كۇفرىدىن) يانسۇن دەپ**

ئىلاھەتلىرىمىزنى تەكرار ـ تەكرار ئالماشتۇرۇپ كۆرسەتكەن ئىدۇق. ئۇلار يېقىنلىقنىڭ ۋاستىسى دەپ ئىلاھتىن باشقىنى ئىلاھ قىلىۋالدى. ئەمما ئۇلارغا ئازاب نازىل بولغاندا نېمە ئۈچۈن ئاشۇ مەبۇدلىرى ياردەم قىلمىدى؟ ياردەم قىلىشقۇ ئۇياقتا تۇرسۇن، بەلكى ئۇلارنى تاشلاپ غايىب بولۇشتى. مانا بۇ ئۇلارنىڭ ئويدۇرمىلىرىنىڭ ۋە يالغان ـ ياۋىداقلىرىنىڭ ھەقىقىتىدۇر»[1]

«وَمَا لِي لاَ أَعْبُدُ الَّذِي فَطَرَنِي وَإِلَيْهِ تُرْجَعُونَ. أَأَتَّخِذُ مِن دُونِهِ آلِهَةً إِن يُرِدْنِ الرَّحْمَن بِضُرٍّ لاَّ تُغْنِ عَنِّي شَفَاعَتُهُمْ شَيْئًا وَلاَ يُنقِذُونِ»

«مەن نېمىشقا مېنى ياراتقان ۋە ئۇنىڭ دەرگاھىغا سىلەر ھەممىڭلار قايتىدىغان ئاللاھقا ئىبادەت قىلمىغۇدەكمەن؟ ناۋادا ئاللاھتىن غەيرىنى ئىلاھ قىلىۋالىدىغان بولسام، ئەگەر مېھرىبان ئاللاھ ماڭا بىرەر زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزمەكچى بولسا، ئۇلارنىڭ شاپائىتى مەندىن ھېچنەرسىنى دەپئى قىلالمايدۇ ھەمدە مېنى قۇتقۇزالمايدۇ.»[2]

«وَالَّذِينَ اتَّخَذُوا مِن دُونِهِ أَوْلِيَاء مَا نَعْبُدُهُمْ إِلَّا لِيُقَرِّبُونَا إِلَى اللَّهِ زُلْفَى إِنَّ اللَّهَ يَحْكُمُ بَيْنَهُمْ فِي مَا هُمْ فِيهِ يَخْتَلِفُونَ»

«ئاللاھنى قويۇپ باشقىلارنى ھىمايىچى قىلىۋالغانلار: «بىزنىڭ ئۇلارغا ئىبادەت قىلىشىمىز پەقەت بىزنى ئاللاھقا يېقىنلاشتۇرۇشى ئۈچۈندۇر» دېيىشىدۇ. ئاللاھ ھەقىقەتەن (قىيامەت كۈنى) ئۇلارنىڭ ئىختىلاپ قىلىشقان بۇ مەسىلىلىرى ئۈستىدە ھۆكۈم چىقىرىدۇ.»[3]

«وَيَعْبُدُونَ مِن دُونِ اللّهِ مَا لاَ يَضُرُّهُمْ وَلاَ يَنفَعُهُمْ وَيَقُولُونَ هَؤُلاء شُفَعَاؤُنَا عِندَ اللّهِ»

---

[1] سۈرە ئەھقاف 27 ـ 28 ـ ئايەت.

[2] سۈرە ياسىن 22 ـ 23 ـ ئايەت.

[3] سۈرە زۇمەر 3 ـ ئايەت.

www.uyghurkitap.com

**«ئۇلار ئاللاھنى قويۇپ، ئۆزلىرىگە پايدا - زىيان يەتكۈزەلمەيدىغان نەرسىلەرگە ئىبادەت قىلىدۇ ۋە ‹بۇلار ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا بىزگە شاپائەت قىلغۇچىلاردۇر› دېيىشىدۇ.»** (سۈرە يۇنۇس 18 - ئايەت)

بۇ ئايەتلەردىن يەنە بىر قانچە نۇقتا ئايدىڭلىشىدۇ. كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، جاھىلىيەت ئەھلى ئۆز ئىلاھلىرىغا قانداقتۇر «پۈتۈن خۇدالىق مۇشۇلارنىڭ ئارىسىغا بۆلۈنۈپ كەتكەن، ئۇلاردىن ئۈستۈن تۇرىدىغان بىرەر ئالىي خۇدا يوق» دەپ قارىمايتتى. بەلكى ھەممىدىن يۈكسەك بىر خۇدالار خۇداسىنىڭ ئوچۇق تەسەۋۋۇرىغا ئىگە ئىدى ۋە ئۇ زات ئۈچۈن ئۆز تىلىدا «ئىلاھ» دېگەن ئاتالغۇنى قوللىناتتى. ئۇلارنىڭ باشقا ئىلاھلارغا بولغان ئەقىدىسى «ئاشۇ بۈيۈك ئاللاھنىڭ خۇدالىقىدا بۇلارنىڭمۇ ئۈلۈشى بار - تولا تەسىر كۈچى بار، بۇلارنىڭ سۆزلىرى چوقۇم ئىشقا ئاشىدۇ. بۇلارنىڭ ۋاستىسى بىلەن بىزنىڭ ئىشلىرىمىز قاملىشىپ ماڭىدۇ. بىز بۇلارنىڭ شاپائىتىدىن بەھرىمەن بولىمىز. زىيان - زەخمەتتىن ساقلىنىپ قالىمىز» دېگەن تەسەۋۋۇردىن ئىبارەت ئىدى. ئۇلار مانا شۇنداق خىياللار ئاساسىدا ئاللاھقا قوشۇپ ئاشۇ مەبۇدلىرىنىمۇ «ئىلاھ» دەپ قارار قىلىۋېلىشقان ئىدى. شۇڭا ئۇلارنىڭ ئىستىلاھى ئاتالغۇلىرىغا بىنائەن بىرەرسىنى ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ھامى، شاپائەتچى، دەپ بىلىپ، ياردەم سوراش ۋە ئۇنىڭ ئاستانىسىدا ئېھتىرام بىلدۈرۈپ ئۇلۇغلاش، نەزرە - چىراغ قىلىش قاتارلىق پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بېرىشنىڭ ئۆزىلا ئۇنى «ئىلاھ» قىلىۋالغانلىق بولاتتى.

بۇ يەردە يەنە شۇنىمۇ چۈشىنىۋېلىش كېرەككى، شاپائەت ئىككى خىل بولىدۇ. بىرىنچىسى، قانداقتۇر ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا دېگىنىنى چوقۇم ئىشقا ئاشىماي قالمايدىغان بىرەر پەۋقۇلئاددە كۈچنى ياكى بىرەر كۈچلۈك تەسىرنى ئۆزىگە ئاساس قىلغان بولىدۇ. ئىككىنچىسى، پەقەتلا بىر ئىلتىماس ۋە تەلەپتىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇنىڭ ئارقىدا تەلىپىنى چوقۇم ئىشقا ئاشۇرىدىغان بىرەر كۈچى بولمىغان بولىدۇ. بىرىنچى خىل مەنىدە بىرەرسىنى شاپائەتچى دەپ بىلىش ئۇنى ئىلاھ قىلىۋالغانلىق ۋە ئاللاھقا شېرىك قىلىۋالغانلىق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. قۇرئان كەرىم دەل مانا شۇنداق شاپائەتنى رەت قىلىدۇ. ئەمما ئىككىنچى مەنىدىن ئىبارەت ئېتىقاندا، پەيغەمبەرلەر، مالائىكىلەر، ئىمان ئەھلى بولغان سالىھ كىشىلەر باشقا بەندىلەرگە شاپائەت قىلالايدۇ. ئۇلارنىڭ شاپائىتىنى (يەنى ئىلتىماسىنى) قوبۇل قىلىش ياكى قىلماسلىق پۈتۈنلەي ئاللاھنىڭ ئىلكىدە بولىدۇ. قۇرئان كەرىم مانا بۇ خىل شاپائەتنى تەستىقلايدۇ.

4 ـ نۇقتا، «وَقَالَ اللّهُ لاَ تَتَّخِذُواْ إِلهَيْنِ اثْنَيْنِ إِنَّمَا هُوَ إِلهٌ وَاحِدٌ فَإيَّايَ فَارْهَبُونِ»

**«ئاللاھ: ‹ئىلاھنى ئىككى قىلىۋالماڭلار، ئۇ پەقەت بىرلا ئىلاھتۇر، مەندىنلا قورقۇڭلار› دېدى.»**[①]

«وَلاَ أَخَافُ مَا تُشْرِكُونَ بِهِ إِلاَّ أَن يَشَاء رَبِّي شَيْئًا»

① سۈرە نەھل 51 ـ ئايەت.

**«ئىبراھىم: ‹مەن سىلەرنىڭ ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرگەن نەرسىلىرىڭلاردىن قورقمايمەن، پەقەت رەببىمنىڭلا خالىغىنى بولىدۇ› دېدى.»** (سۈرە ئەنئام 80 ـ ئايەت)

«إِن نَّقُولُ إِلاَّ اعْتَرَاكَ بَعْضُ آلِهَتِنَا بِسُوَءٍ»

**«ھۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى ئۇنىڭغا: ‹بىز سېنى ئىلاھلىرىمىزدىن بىرەرسىنىڭ ئازابىغا يولۇققان دەپ قارايمىز› دېيىشتى.»** (سۈرە ھۇد 54 ـ ئايەت)

بۇ ئايەتلەردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، جاھىلىيەت ئەھلى «ناۋادا بىز ئۇلارنى نارازى قىلىپلا سالساق ياكى ئۇلارنىڭ دىققەت، ئېتىبارىدىن مەھرۇم قالساق، ئۇستىمىزگە كېسەللىك، قەھەتچىلىك، دېگەندەك جان ۋە ماللىرىمىزغا زىيان يەتكۈزىدىغان ھەرخىل ئاپەتلەر نازىل بولۇشقا باشلايدۇ» دەپ ئۆز ئىلاھلىرىدىن قورقۇشاتتى.

5 ـ نۇقتا، «اتَّخَذُواْ أَحْبَارَهُمْ وَرُهْبَانَهُمْ أَرْبَابًا مِّن دُونِ اللّهِ وَالْمَسِيحَ ابْنَ مَرْيَمَ وَمَا أُمِرُواْ إِلاَّ لِيَعْبُدُواْ إِلَهًا وَاحِدًا لاَّ إِلَهَ إِلاَّ هُوَ»

**«ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئۆلىمالىرىنى ۋە راھىبلىرىنى ئاللاھتىن باشقا پەرۋەردىگار قىلىۋالدى، مەريەمنىڭ ئوغلى مەسىھنىمۇ رەب قىلىۋالدى. ۋەھالەنكى، ئۇلار پەقەت بىرلا ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇلغان ئىدى.»**[①]

«أَرَأَيْتَ مَنِ اتَّخَذَ إِلَهَهُ هَوَاهُ أَفَأَنتَ تَكُونُ عَلَيْهِ وَكِيلًا»

**«سەن نەفسى خاھىشىنى ئىلاھ قىلىۋالغان كىشى ھەققىدە ئويلاپ باقتىڭمۇ؟ ئەجەبا سەن ئۇنىڭ مەسئۇلىيىتىنى زىممىڭگە ئالالامسەن؟»**[①]

---

[①] سۈرە تەۋبە 31 ـ ئايەت.

«وَكَذَلِكَ زَيَّنَ لِكَثِيرٍ مِّنَ الْمُشْرِكِينَ قَتْلَ أَوْلاَدِهِمْ شُرَكَآؤُهُمْ»

«شۇنىڭدەك، مۇشرىكلارنىڭ شېرىكلىرى ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكىگە ئۆز ئەۋلادلىرىنى ئۆلتۈرۈشنى چىرايلىق كۆرسەتتى.» (سۈرە ئەنئام 137 ـ ئايەت)

«أَمْ لَهُمْ شُرَكَاء شَرَعُوا لَهُم مِّنَ الدِّينِ مَا لَمْ يَأْذَن بِهِ اللَّهُ»

**«ئۇلارنىڭ ئاللاھ رۇخسەت قىلمىغان نەرسىلەرنى دىن قىلىپ بېكىتكەن شېرىكلىرى (يەنى شېرىك ئىلاھلىرى) بارمۇ؟»** (سۈرە شۇرا، 21 ـ ئايەت)

بۇ ئايەتلەردە «ئىلاھ»نىڭ ئىلگىرىكىگە قەتئىي ئوخشىمايدىغان باشقىچە يەنە بىر ئۇقۇمىنى ئۇچرىتىمىز. بۇنىڭدا «ئىلاھ» قىلىۋېلىنغانلارنىڭ تەبىئەتتىن تاشقىرى كۈچ ـ قۇدرىتى تىلغا ئېلىنماستىن، ئۇلارنىڭ ئىنسانلىقى، ياكى ئىنساننىڭ ئۆز نەپسى ئىكەنلىكى تىلغا ئېلىنغان. ھەرگىزمۇ پايدا ـ زىياننىڭ ئىگىسى دەپ قاراپ، دۇئا قىلىنىدىغان، ئۇنىڭ پاناھىنى سىغىنىدىغان مەنىدە ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ھۆكمى قانۇن دەپ ئېتىراپ قىلىنىدىغان، ئۇنىڭ بۇيرۇق ـ چەكلىمىلىرىگە قەتئىي رىئايە قىلىنىدىغان، ئۇنىڭ ھارام قىلغىنى ھارام، ھالال قىلغىنى ھالال، دەپ قوبۇل قىلىنىدىغان، ئۇنى «باشقا بىرەر ئالىي ھۆكۈمرانىڭ تەستىقىنى ئالمىسىمۇ ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل ھۆكۈم چىقىرىش ۋە چەكلەش ھوقۇقىغا ئىگە، ياكى باشقا بىرەر ئالىي ھۆكۈمرانغا تايىنىشنىڭ ھاجىتى يوق» دەپ قارىلىدىغان مەنىدىن «ئىلاھ» قىلىۋالغانلىقى تىلغا ئېلىنغان. بىرىنچى ئايەتتە ئۆلىما، راھىبلارنى

[1] سۈرە فۇرقان 43 ـ ئايەت.

www.uyghurkitap.com

ئىلاھ قىلىۋېلىش توغرۇلۇق سۆز قىلىنغان بولۇپ، بۇ نۇقتىنى تۆۋەندىكى ھەدىس ئىنتايىن ئوچۇق شەرھلەپ بېرىدۇ.

ئەدى ئىبنى ھاتەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ ئايەت ھەققىدە سوئال سورىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سىلەر ئۆلىمالىرىڭلار ھالال قىلغان نەرسىنى ھالال دەپ ئىشىنىسىلەر، ھارام قىلغان نەرسىنى ھارام دەپ ئېتىراپ قىلىسىلەر، ئاللاھنىڭ ئۇ ھەقتە زادى قانداق ھۆكمى بارلىقىنى پەرۋايىڭلارغا ئالمايسىلەر» دەپ جاۋاب قايتۇرغان.

ئەمدى ئىككىنچى ئايەتكە كەلسەك، ئۇنىڭ مەنىسى شۇ قەدەر روشەنكى، قانداقلا بىر كىشى ئۆزىنىڭ نەپسى خاھىشىغا ئىتائەت قىلسا، نەپسىنىڭ بۇيرۇقىنى ئەلا بىلسە، ئۇ ئەمەلىيەتتە ئۆز نەپسىنى «ئىلاھ» قىلىۋالغان بولىدۇ.

ئۇنىڭدىن كېيىنكى ھەر ئىككى ئايەتتە «ئىلاھ» دېگەن سۆزنىڭ ئورنىغا «شېرىك» دېگەن سۆز ئىشلىتىلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ مەنىسى خۇددى بىز ئايەت تەرجىمىسىدە ئايدىڭلاشتۇرۇپ ئۆتكەندەك بىراۋنى ئىلاھلىقتا شېرىك قىلىۋېلىنغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ھەممە بۇ ھەر ئىككى ئايەت شۇنى ئېنىق بەلگىلەپ بېرىدۇكى، ئاللاھنىڭ ھۆكمىنىڭ تەستىقى بولماي تۇرۇپ، بەلگىلەپ چىقىلغان ھەرقانداق ئەنئەنىنى، قانۇن ـ تۈزۈمنى، ياكى بىرەر مەخسۇس يولنى قانۇنلۇق دەپ ئېتىراپ قىلغانلىق مەزكۇر قانۇنچىنى ئىلاھىيەتتە ئاللاھقا شېرىك قىلىۋالغانلىق بولىدۇ.

## ئىلاھلىق بابىدىكى ھۆكۈمرانلىق

«ئىلاھ»نىڭ يۇقىرىدا بايان قىلىنغان پۈتۈن ئۇقۇملىرى ئارىسىدا بىر مەنتىقىلىق باغلىنىش مەۋجۇد. قانداقلا كىشى بىرسىنى تەبىئەتتىن تاشقىرى مەنىدە ئۆزىگە نىسبەتەن ھامىي، مەدەتكار، قىيىنچىلىقنى دەفئىي قىلغۇچى، ھاجەتنى راۋا قىلغۇچى، دۇئالارنى ئىشىتكۈچى، پايدا ـ زىيان يەتكۈزگۈچى دەپ چۈشىنىدىكەن، ئۇنىڭ بۇ چۈشەنچىسى، ئاشۇ كىشىنى كائىنات سىستېمىسىنىڭ قانداقتۇر بىرەر ھوقۇقىغا ساھىپ دەپ تونۇيدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. شۇنىڭدەك، بىرەرسىدىن «ئۇنىڭ نارازىلىقى ماڭا نۇقسان يەتكۈزىدۇ، رازىلىقى پايدامغا سەۋەبكار بولىدۇ» دەپ ئەقىدە قىلىپ، قورقۇپ، تەقۋالىق قىلسا (يەنى ئېھتىيات قىلسا)، ئۇنىڭ بۇ قىلغىنىنىڭ سەۋەبىمۇ ئۆز ئىدىيىسىدە ئۇنى «بىرەر ئالىي ھوقۇققا ئىگە» دەپ تەسەۋۋۇر قىلغانلىقىدىن باشقا بولمايدۇ. يەنە شۇنىڭدەك، قانداقلا كىشى ئاللاھنىڭ تەنھا ئىلاھلىقىنى ئېتىراپ قىلغان تۇرۇقلۇق، باشقىلارغا ھاجىتىنىڭ راۋا بولۇشى ئۈچۈن سېغىنىدىكەن، ئۇنىڭ بۇ قىلمىشىغا «ئاللاھنىڭ مۇتلەق ھاكىمىيىتىدە شۇ كىشىنىڭمۇ تېگىشلىك ھەسسىسى بار» دېگەن چۈشەنچىلا ھەرىكەتلەندۈرگۈچ رول ئوينىغان بولىدۇ. خۇددى مۇشۇنىڭغا ئوخشاش قانداقلا كىشى بىرەرسىنىڭ ھۆكمىنى «قانۇن» دەپ ئېتىراپ قىلىدىكەن، بۇيرۇق ـ چەكلىمىلىرىنى «ۋاجىبۇل ئىتائە» (يەنى ئىتائەت قىلىش ۋاجىپ) دەپ قارار قىلىدىكەن، ئۇنىڭ ھاكىم مۇتلەقلىقىنى ئېتىراپ قىلغان بولىدۇ. دېمەك، ئىلاھلىقنىڭ ئەسلى روھى ھۆكۈمرانلىقتىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ ھۆكۈمرانلىق كائىنات ئۈستىدىكى تەبىئەتتىن تاشقىرى ھۆكۈمرانلىقنىمۇ،

شۇنداقلا دۇنيادا خەلقنى ئۆزىگە بويسۇندۇرىدىغان، ئۇنىڭ ھۆكمىگە قەتئىي رىئايە قىلىنىدىغان دۇنيالىق ھۆكۈمرانلىقلارنىمۇ تەڭ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

## قۇرئاننىڭ دەلىللىرى

مانا بۇ ھۆكۈمرانلىق تەسەۋۋۇرى ئاساسىدا قۇرئان كەرىم ئاللاھتىن غەيرىنىڭ ئىلاھلىقىنى رەت قىلىپ، ئىلاھلىقنى پەقەت ئاللاھقا مەركەزلەشتۈرۈش ئۈچۈن پۈتۈن دەلىل كۈچىنى ئىشقا سالىدۇ. بۇ ھەقتە: «زېمىن ۋە ئاسمانلاردىكى پۈتۈن ھوقۇق، ئىختىيارلىقلار بىرلا ئاللاھنىڭ قولىدا، مەخلۇقلار ۋە پۈتۈن نېمەتلەر ئۇنىڭ مۈلكىدۇر. بۇيرۇقمۇ ئۇنىڭ، كۈچ ـ قۇۋۋەتمۇ ئۇنىڭ. پۈتۈن شەيئىلەر ئىختىيارلىق ۋە ئىختىيارسىز ھالدا ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ بىرىنىڭ نە ھۆكۈمرانلىقى يوق، نە ھۆكمىمۇ ئاقمايدۇ. ھېچ بىر مەخلۇق ئۇنىڭ ھېكمەت، تەدبىر، ئىنتىزاملىرىنىڭ سىرىنى بىلمەيدۇ. ھېچ كىشى ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا تەڭ شېرىك ياكى زەررىچە ھەسسىدار بولالمايدۇ. شۇڭلاشقا ھەقىقەتتە ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ بىر ئىلاھ يوق. شۇنداق ئىكەن، سىلەرنىڭ باشقىلارنى «ئىلاھ» بىلىپ قىلىۋاتقان ئەمەللىرىڭلەرنىڭ ھەممىسى پۈتۈنلەي خاتا بولغان بولىدۇ. شۇڭا باشقىلارغا قارىتىۋالغان دۇئا قىلىش، پاناھلىقنى سېغىنىش، ئۆزۈڭلارغا ھامىي، شاپائەتچى بىلىش، ئۇنىڭ ھۆكمىنى ئېتىراپ قىلىپ، قەتئىي ئىتائەت قىلىش قاتارلىق بۇ بارلىق ئەمەل، مۇناسىۋەتلەرنى پەقەت ئاللاھقىلا خاسلاشتۇرۇشۇڭلار لازىم. چۈنكى ئەنە شۇ ئاللاھلا يالغۇز ھۆكۈمرانىڭلاردۇر» دەپ دەلىل كەلتۈرىدۇ.

ئىلاھلىق بابىدىكى ھۆكۈمرانلىق ھەققىدە قۇرئان ئوتتۇرىغا قويۇۋاتقان دەلىللەرنى قېنى قۇرئاننىڭ تىلىدىن ئاڭلاپ باقايلى!

وَهُوَ الَّذِي فِي السَّمَاء إِلَهٌ وَفِي الْأَرْضِ إِلَهٌ وَهُوَ الْحَكِيمُ الْعَلِيمُ.

**«ئەنە شۇ ئاللاھ ئاسماندىمۇ ئىلاھتۇر، زېمىندىمۇ ئىلاھتۇر، ئەنە شۇ ئاللاھ ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى ۋە ھەممىنى بىلگۈچىدۇر (يەنى زېمىن ۋە ئاسمانلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلىش ئۈچۈن كېتەرلىك ئىلىم، ھېكمەت ئۇنىڭلا ئىلكىدىدۇر).»** (سۈرە زۇخرۇف 84 ـ ئايەت)

أَفَمَن يَخْلُقُ كَمَن لاَّ يَخْلُقُ أَفَلا تَذَكَّرُونَ... وَالَّذِينَ يَدْعُونَ مِن دُونِ اللّهِ لاَ يَخْلُقُونَ شَيْئًا وَهُمْ يُخْلَقُونَ... إِلَهُكُمْ إِلَهٌ وَاحِدٌ.

**«يارىتىدىغان ئاللاھ بىلەن ھېچ نەرسىنى يارىتالمايدىغانلار ئوخشاش بولامدۇ؟ ئەجەبا شۇنچىلىك ئىشنىمۇ چۈشەنمەمسىلەر...؟ ئۇلارنىڭ ئاللاھنى قويۇپ چاقىرىۋاتقانلىرى ھېچ نەرسىنىڭ ياراتقۇچىسى ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى يارىتىلغاندۇر... سىلەرنىڭ ئىلاھىڭلار پەقەت بىرلا ئىلاھتۇر.»**[1]

يَا أَيُّهَا النَّاسُ اذْكُرُوا نِعْمَتَ اللَّهِ عَلَيْكُمْ هَلْ مِنْ خَالِقٍ غَيْرُ اللَّهِ يَرْزُقُكُم مِّنَ السَّمَاء وَالْأَرْضِ لَا إِلَهَ إِلَّا هُوَ فَأَنَّى تُؤْفَكُونَ.

**«ئى ئىنسانلار! ئاللاھنىڭ سىلەرگە بەرگەن نېمىتىنى ياد ئېتىڭلار، ئاللاھتىن باشقا سىلەرگە ئاسماندىن ۋە زېمىندىن رىزىق بېرىپ تۇرىدىغان ياراتقۇچى بارمۇ؟ ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر. سىلەر زادى قەيەرلەردە قايمۇقۇپ يۈرىيسىلەر؟»** (سۈرە فاتىر 3 ـ ئايەت).

---

[1] سۈرە نەھل 17 ـ 20 ـ 22 ـ ئايەتلەر.

www.uyghurkitap.com

قُلْ أَرَأَيْتُمْ إِنْ أَخَذَ اللّٰهُ سَمْعَكُمْ وَأَبْصَارَكُمْ وَخَتَمَ عَلَى قُلُوبِكُمْ مَنْ إِلٰهٌ غَيْرُ اللّٰهِ يَأْتِيكُم بِهِ.

«ئېيتقىنكى، سىلەر ئويلاپ باقتىڭلارمۇ؟ ئەگەر ئاللاھ سىلەرنىڭ ئاڭلاش ۋە كۆرۈش قۇۋۋەتلىرىڭلارنى ئېلىۋالسا، دىلىڭلارنى پېچەتلىۋەتسە (يەنى ئەقلىڭلارنى تارتىۋالسا)، ئاللاھتىن باشقا قايسى ئىلاھ سىلەرگە ئاشۇ قۇۋۋەتلەرنى ئەكېلىپ بېرەلەيدۇ؟» (سۈرە ئەنئام 46 ـ ئايەت).

وَهُوَ اللَّهُ لَا إِلَهَ إِلَّا هُوَ لَهُ الْحَمْدُ فِي الْأُولَى وَالْآخِرَةِ وَلَهُ الْحُكْمُ وَإِلَيْهِ تُرْجَعُونَ. قُلْ أَرَأَيْتُمْ إِن جَعَلَ اللَّهُ عَلَيْكُمُ اللَّيْلَ سَرْمَدًا إِلَى يَوْمِ الْقِيَامَةِ مَنْ إِلَهٌ غَيْرُ اللَّهِ يَأْتِيكُم بِضِيَاء أَفَلَا تَسْمَعُونَ. قُلْ أَرَأَيْتُمْ إِن جَعَلَ اللَّهُ عَلَيْكُمُ النَّهَارَ سَرْمَدًا إِلَى يَوْمِ الْقِيَامَةِ مَنْ إِلَهٌ غَيْرُ اللَّهِ يَأْتِيكُم بِلَيْلٍ تَسْكُنُونَ فِيهِ أَفَلَا تُبْصِرُونَ.

«ئەنە شۇ بىرلا ئاللاھتۇركى، ئۇنىڭدىن بۆلەك ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە جىمى ھەمدۇ سانا ئۇنىڭغا خاستۇر، ھۆكۈمرانلىق ئۇنىڭغىلا مەنسۇپتۇر، سىلەر ئۇنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر. ئېيتقىنكى، 'قېنى ئويلاپ باقتىڭلارمۇ؟! ئەگەر ئاللاھ سىلەر ئۈچۈن قىيامەت كۈنىگىچە كېچىنى داۋاملاشتۇرىدىغان قىلىپ قويسا، ئاللاھتىن بۆلەك قايسى ئىلاھ سىلەرگە يورۇقلۇق ئېلىپ كېلەلەيدۇ؟ سىلەر ئاڭلىمامسىلەر؟' سورىغىنكى، قېنى ئويلاپ باقتىڭلارمۇ؟! ئەگەر ئاللاھ سىلەر ئۈچۈن قىيامەت كۈنىگىچە كۈندۈزنى داۋاملاشتۇرىدىغان قىلىپ قويسا، ئاللاھتىن بۆلەك قايسى ئىلاھ سىلەرگە ئارام ئېلىشىڭلار ئۈچۈن كېچىنى ئېلىپ كېلەلەيدۇ؟ سىلەر كۆرمەمسىلەر؟»[1]

[1] سۈرە قەسەس 70 ـ 71 ـ 72 ـ ئايەت.

قُلِ ادْعُوا الَّذِينَ زَعَمْتُم مِّن دُونِ اللَّهِ لَا يَمْلِكُونَ مِثْقَالَ ذَرَّةٍ فِي السَّمَاوَاتِ وَلَا فِي الْأَرْضِ وَمَا لَهُمْ فِيهِمَا مِن شِرْكٍ وَمَا لَهُ مِنْهُم مِّن ظَهِيرٍ. وَلَا تَنفَعُ الشَّفَاعَةُ عِندَهُ إِلَّا لِمَنْ أَذِنَ لَهُ.

«ئېيتقىنكى، سىلەر ئاللاھنى قويۇپ ئىلاھ قىلىۋالغانلىرىڭلارنى چاقىرىپ بېقىڭلار، ئۇلار نە ئاسمانلاردا، نە زېمىندا زەررە چاغلىق نەرسىگە خوجايىن ئەمەس. نە ئاسمانلارنىڭ، نە زېمىننىڭ ئىنتىزامىدا ئۇلارنىڭ ھېچ قانداق شېرىكچىلىكى يوق، نە ئۇلاردىن بىرەرسى ئاللاھقا (ئاسمان- زېمىننىڭ ئىنتىزامىدا) ياردەمچى ئەمەس. پەقەت ئاللاھ ئۆزى شاپائەتكە ئىزنى بەرگەن ئادەمدىن باشقا كىشىگە ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا شاپائەتمۇ پايدا بەرمەيدۇ.»①

خَلَقَ السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضَ بِالْحَقِّ يُكَوِّرُ اللَّيْلَ عَلَى النَّهَارِ وَيُكَوِّرُ النَّهَارَ عَلَى اللَّيْلِ وَسَخَّرَ الشَّمْسَ وَالْقَمَرَ كُلٌّ يَجْرِي لِأَجَلٍ مُّسَمًّى... خَلَقَكُم مِّن نَّفْسٍ وَاحِدَةٍ ثُمَّ جَعَلَ مِنْهَا زَوْجَهَا وَأَنزَلَ لَكُم مِّنْ الْأَنْعَامِ ثَمَانِيَةَ أَزْوَاجٍ يَخْلُقُكُمْ فِي بُطُونِ أُمَّهَاتِكُمْ خَلْقًا مِن بَعْدِ خَلْقٍ فِي ظُلُمَاتٍ ثَلَاثٍ ذَلِكُمُ اللَّهُ رَبُّكُمْ لَهُ الْمُلْكُ لَا إِلَهَ إِلَّا هُوَ فَأَنَّى تُصْرَفُونَ.

«ئاللاھ ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ھەق ئاساسىدا ياراتتى. ئاللاھ كېچىنى كۈندۈزگە كىرگۈزىدۇ ۋە كۈندۈزنى كېچىگە كىرگۈزىدۇ، ئاللاھ كۈن بىلەن ئاينى بويسۇندۇرۇپ بەردى، ئۇلارنىڭ ھەربىرى مۇئەييەن مۇددەتكىچە سەير قىلىدۇ... ئاللاھ بىر ئادەمدىن سىلەرنىڭ پەيدا بولۇشۇڭلارنى باشلىدى، ئاندىن ئۇنىڭدىن ئۇنىڭ جۈپتىنى ياراتتى ۋە ھايۋانلاردىن سەككىز جۈپنى سىلەرگە چۈشۈرۈپ بەردى، ئاللاھ سىلەرنى ئاناڭلارنىڭ قارنىدىن بىر ھالەتتىن يەنە بىر ھالەتكە تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئۈچ پەردىنىڭ قاراڭغۇلۇقى

① سۈرە سەبەئ 22 ـ 23 ـ ئايەت.

uyghurkitap.com

ئىچىدە يارىتىدۇ، ئەنە شۇ ئاللاھ سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلاردۇر، ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقى ئاللاھقا خاستۇر، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، سىلەر زادى قاياقلاردا قېيىپ يۈرۈيسىلەر؟» (سۈرە زۇمەر 5 ـ 6 ـ ئايەت).

أَمَّنْ خَلَقَ السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضَ وَأَنزَلَ لَكُم مِّنَ السَّمَاء مَاء فَأَنبَتْنَا بِهِ حَدَائِقَ ذَاتَ بَهْجَةٍ مَّا كَانَ لَكُمْ أَن تُنبِتُوا شَجَرَهَا أَإِلَهٌ مَّعَ اللَّهِ بَلْ هُمْ قَوْمٌ يَعْدِلُونَ. أَمَّن جَعَلَ الْأَرْضَ قَرَارًا وَجَعَلَ خِلَالَهَا أَنْهَارًا وَجَعَلَ لَهَا رَوَاسِيَ وَجَعَلَ بَيْنَ الْبَحْرَيْنِ حَاجِزًا أَإِلَهٌ مَّعَ اللَّهِ بَلْ أَكْثَرُهُمْ لَا يَعْلَمُونَ. أَمَّن يُجِيبُ الْمُضْطَرَّ إِذَا دَعَاهُ وَيَكْشِفُ السُّوءَ وَيَجْعَلُكُمْ خُلَفَاء الْأَرْضِ أَإِلَهٌ مَّعَ اللَّهِ قَلِيلًا مَّا تَذَكَّرُونَ. أَمَّن يَهْدِيكُمْ فِي ظُلُمَاتِ الْبَرِّ وَالْبَحْرِ وَمَن يُرْسِلُ الرِّيَاحَ بُشْرًا بَيْنَ يَدَيْ رَحْمَتِهِ أَإِلَهٌ مَّعَ اللَّهِ تَعَالَى اللَّهُ عَمَّا يُشْرِكُونَ. أَمَّن يَبْدَأُ الْخَلْقَ ثُمَّ يُعِيدُهُ وَمَن يَرْزُقُكُم مِّنَ السَّمَاء وَالْأَرْضِ أَإِلَهٌ مَّعَ اللَّهِ قُلْ هَاتُوا بُرْهَانَكُمْ إِن كُنتُمْ صَادِقِينَ.

«كىم ئۇ، ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ياراتقان؟ سىلەرگە بۇلۇتتىن يامغۇر ياغدۇرۇپ بەرگەن؟ ئۇنىڭ بىلەن گۈزەل باغلارنى يېتىشتۈرۈپ بەرگەن؟ ئۇ باغلارنىڭ دەرەخلىرىنى ئۆستۈرۈش سىلەرنىڭ قولۇڭلاردىن كەلمەيتتى، ئەجەبا بۇ ئىشلاردا ئاللاھقا شېرىك بولىدىغان باشقا ئىلاھ بارمۇ؟ (ياق،) بەلكى دەل مۇشۇ كىشىلەر ھەقتىن بۇرۇلۇپ كېتىپ بارماقتا.

كىم ئۇ، زېمىننى تۇرالغۇ قىلىپ بەرگەن؟ ئۇنىڭ ئىچىدە دەريالارنى راۋان قىلىپ بەرگەن؟ ۋە ئۇنىڭ ئۈستىگە (تاغلارنى) مىخ قىلىپ قاققان؟ ئىككى سۇ مەنبەسى ئارىسىدا پەردە (توسۇقلارنى) بەرپا قىلغان؟ ئەجەبا بۇ ئىشلاردا ئاللاھقا شېرىك بولىدىغان باشقا ئىلاھ بارمۇ؟ يوق، بەلكى بۇ كىشىلەرنىڭ تولىسى نادانلاردۇر.

كىم ئۇ، بېشىغا كۈن چۈشكەن ئادەم دۇئا قىلسا ئىجابەت قىلىدىغان؟ ئۇنىڭ بېشىغا كەلگەن ئېغىرچىلىقنى كۆتۈرۈۋېتىدىغان؟ ۋە سىلەرنى زېمىننىڭ خەلىپىسى قىلغان؟ ئەجەبا بۇ ئىشلاردا ئاللاھقا شېرىك بولىدىغان باشقا ئىلاھ بارمۇ؟ سىلەر ناھايىتى ئاز ئويلىنىسىلەر.

كىم ئۇ، قۇرۇقلۇقنىڭ ۋە دېڭىزنىڭ قاراڭغۇلۇقلىرىدا سىلەرگە يول كۆرسىتىپ بېرىدىغان؟ رەھمىتىدىن ئىلگىرى شاماللارنى بېشارەت قىلىپ ئەۋەتىدىغان؟ ئەجەبا بۇ ئىشلاردا ئاللاھقا شېرىك بولىدىغان باشقا ئىلاھ بارمۇ؟ ئاللاھ ئۇلار كەلتۈرگەن شېرىكتىن پاكتۇر.

كىم ئۇ، دەسلەپ خەلق ئېتىشنى باشلىغان؟ ئاندىن ئۇنى يەنە قايتىلايدىغان؟ سىلەرگە ئاسماندىن ۋە زېمىندىن رىزىق بېرىدىغان؟ ئەجەبا بۇ ئىشلاردا ئاللاھقا شېرىك بولىدىغان باشقا ئىلاھ بارمۇ؟

ئېيتقىنكى، «ئەگەر راستچىل بولىدىغان بولساڭلار، قېنى دەلىلىڭلارنى كەلتۈرۈڭلار» (يەنى، ئەگەر سىلەر بۇلارنىڭ ھەممىسى پەقەتلا ئاللاھنىڭ ئىشى ئىكەنلىكىنى، بۇ ئىشلاردا ئاللاھنىڭ ھېچ بىر شېرىكى يوقلىقىنى ئېتىراپ قىلىدىكەنسىلەر، ئۇنداقتا زادى قايسى دەلىلگە بىنائەن ئىلاھلىقتا باشقىلارنى ئۇنىڭغا شېرىك قىلىۋالىسىلەر؟ ھېچ بىر قۇدرەت، ھوقۇقى بولمىغان، ياكى ئاسمانلار بىلەن زېمىندا ئۆز ئالدىغا ئايرىم مۇستەقىل بىرەر ئىشى بولمىغانلار قانداقمۇ ئىلاھ بولالىسۇن؟» (سۈرە نەمل 60 ــ 64 ــ ئايەت) الَّذِي لَهُ مُلْكُ السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ وَلَمْ يَتَّخِذْ وَلَدًا وَلَمْ يَكُن لَّهُ شَرِيكٌ فِي الْمُلْكِ وَخَلَقَ كُلَّ شَيْءٍ فَقَدَّرَهُ تَقْدِيرًا. وَاتَّخَذُوا مِن دُونِهِ آلِهَةً لَّا يَخْلُقُونَ شَيْئًا وَهُمْ يُخْلَقُونَ وَلَا يَمْلِكُونَ لِأَنفُسِهِمْ ضَرًّا وَلَا نَفْعًا وَلَا يَمْلِكُونَ مَوْتًا وَلَا حَيَاةً وَلَا نُشُورًا.

«ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ پادىشاھلىقى ئاللاھنىڭ ئىلكىدىدۇر، ئۇ ھېچ كىمنى بالا قىلىۋالغىنى يوق، پادىشاھلىقتا شېرىكىمۇ يوق، ئۇ ھەممە نەرسىنى ياراتتى، ئاندىن ھەممە نەرسە ئۈچۈن مۇئەييەن تەقدىرنى بەلگىلىدى. كىشىلەر ئۇنى قويۇپ، ھېچ نەرسىنى يارىتالمايدىغان، بەلكى ئۆزلىرى يارىتىلىدىغان ۋە ئۆزلىرىگىمۇ ھېچ بىر پايدا ـ زىيان يەتكۈزۈش ئىختىيارلىقىغا ئىگە بولمىغان، شۇنداقلا ھاياتلىق ۋە ماماتلىقتا ھەمدە قايتا تىرىلدۈرۈشتە ھېچ بىر ھوقۇق، قۇدرىتى بولمىغانلارنى ئۆزلىرىگە ئىلاھ قىلىۋېلىشتى» (سۈرە فۇرقان 2 ـ 3 ـ ئايەت)

بَدِيعُ السَّمَاوَاتِ وَالأَرْضِ أَنَّى يَكُونُ لَهُ وَلَدٌ وَلَمْ تَكُن لَّهُ صَاحِبَةٌ وَخَلَقَ كُلَّ شَيْءٍ وهُوَ بِكُلِّ شَيْءٍ عَلِيمٌ. ذَلِكُمُ اللّهُ رَبُّكُمْ لا إِلَهَ إِلاَّ هُوَ خَالِقُ كُلِّ شَيْءٍ فَاعْبُدُوهُ وَهُوَ عَلَى كُلِّ شَيْءٍ وَكِيلٌ.

«ئاللاھ ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى يوقتىن بار قىلغۇچىدۇر، ئاللاھنىڭ ئايالى يوق تۇرسا، قانداقمۇ بالىسى بولسۇن؟ ئۇ ھەممە نەرسىنى ياراتقان، ھەممە نەرسىنى ئوبدان بىلگۈچىدۇر. ئەنە شۇ ئاللاھ سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلاردۇر، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، ئۇ ھەممە نەرسىنىڭ ياراتقۇچىسىدۇر، شۇڭا ئۇنىڭغىلا بەندىچىلىك قىلىڭلار، ئۇ ھەر نەرسىنى قوغداپ، خەۋەر ئېلىشقا كېپىلدۇر[①].»

وَمِنَ النَّاسِ مَن يَتَّخِذُ مِن دُونِ اللّهِ أَندَاداً يُحِبُّونَهُمْ كَحُبِّ اللّهِ وَالَّذِينَ آمَنُواْ أَشَدُّ حُبًّا لِّلّهِ وَلَوْ يَرَى الَّذِينَ ظَلَمُواْ إِذْ يَرَوْنَ الْعَذَابَ أَنَّ الْقُوَّةَ لِلّهِ جَمِيعاً.

① سۈرە ئەنئام 101 ـ 102 ـ ئايەت.

«بەزى كىشىلەر ئاللاھتىن غەيرىلەرنى ئاللاھقا تەڭلەشتۈرۈپ، شېرىك قىلىۋالىدۇ، ئۇلارغا ئاللاھقا مۇھەببەت قىلغاندەك مۇھەببەت قىلىدۇ. ھالبۇكى، مۆئمىنلەر، ھەممىدىن بەك ئاللاھنى سۆيىدۇ. كاشكى بۇ زالىملار ئازابنى كۆرگەن چاغدا ھېس قىلىدىغان بۇ ھەقىقەتنى شۇ تاپتا بىلسە ئىدى، پۈتۈن كۈچ- قۇدرەتنىڭ ئاللاھنىڭلا ئىلكىدە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلاتتى[1].»

قُلْ أَرَأَيْتُم مَّا تَدْعُونَ مِن دُونِ اللَّهِ أَرُونِي مَاذَا خَلَقُوا مِنَ الْأَرْضِ أَمْ لَهُمْ شِرْكٌ فِي السَّمَاوَاتِ... وَمَنْ أَضَلُّ مِمَّن يَدْعُو مِن دُونِ اللَّهِ مَن لَّا يَسْتَجِيبُ لَهُ إِلَى يَوْمِ الْقِيَامَةِ.

«ئېيتقىنكى، «سىلەر ئاللاھنى قويۇپ ھاجىتىڭلارنىڭ راۋالىقى ئۈچۈن چاقىرىۋاتقان مەبۇدلىرىڭلارنىڭ ئەھۋالى ئۈستىدە ئويلىنىپ باقتىڭلارمۇ؟ قېنى ماڭا كۆرسىتىپ بېقىڭلاركى، ئۇلار زېمىننىڭ قانچىلىك قىسمىنى ياراتقان؟ ياكى ئاسمانلارنى يارىتىشتا ئۇلارنىڭ ئاللاھ بىلەن ئورتاقچىلىقى بارمۇ؟ ... ئاللاھنى قويۇپ، دۇئانى ئىجابەت قىلىشقا تا قىيامەتكىچە قادىر بولالمايدىغانلارنى چاقىرغان كىشىدىنمۇ گۇمراھ ئادەم بارمۇ؟[2]»

لَوْ كَانَ فِيهِمَا آلِهَةٌ إِلَّا اللَّهُ لَفَسَدَتَا فَسُبْحَانَ اللَّهِ رَبِّ الْعَرْشِ عَمَّا يَصِفُونَ. لَا يُسْأَلُ عَمَّا يَفْعَلُ وَهُمْ يُسْأَلُونَ.

«ئەگەر ئاسمان - زېمىندا ئاللاھتىن باشقا ئىلاھلار بولسا ئىدى، پۈتۈن ئالەمنىڭ نىزامى ئەللىۋەتتە بۇزۇلۇپ كېتەتتى. ئەرشنىڭ (يەنى كائىناتنىڭ سەلتەنەت تەختىنىڭ) خوجايىنى بولغان ئاللاھ ئۇلارنىڭ سۈپەتلىگەن

[1] سۈرە بەقەرە 165 ــ ئايەت.
[2] سۈرە ئەھقاف 4 ــ 5 ــ ئايەت.

نەرسىلەرىدىن پاكتۇر. ئاللاھ قىلغانلىرىغا (ھېچكىمنىڭ ئالدىدا) جاۋابكار ئەمەس، بەلكى ئۇلار ھەممىسى جاۋابكاردۇر.» (سۈرە ئەنبىيا 22 ـ 23 ـ ئايەت)

مَا اتَّخَذَ اللَّهُ مِن وَلَدٍ وَمَا كَانَ مَعَهُ مِنْ إِلَهٍ إِذًا لَّذَهَبَ كُلُّ إِلَهٍ بِمَا خَلَقَ وَلَعَلَا بَعْضُهُمْ عَلَى بَعْضٍ.

«ئاللاھ ھېچ كىشىنى بالا قىلغىنى يوق، ئۇنىڭ بىلەن بىللە باشقا بىرەر ئىلاھمۇ يوق، ئەگەر ئۇنداق بولىدىغان بولسا، ھەر بىر ئىلاھ ئۆزى ياراتقان مەخلۇقلىرىنى ئېلىپ ئايرىم بولىۋالاتتى، ئاندىن بەزىسى بەزىسگە ئېتىلىپ يۇگرەيتتى.» (سۈرە مۆئمىنۇن 91 ـ ئايەت)

قُل لَّوْ كَانَ مَعَهُ آلِهَةٌ كَمَا يَقُولُونَ إِذًا لاَّبْتَغَوْاْ إِلَى ذِي الْعَرْشِ سَبِيلاً. سُبْحَانَهُ وَتَعَالَى عَمَّا يَقُولُونَ عُلُوًّا كَبِيرًا.

«ئى پەيغەمبەر! ئېيتقىنكى، ئەگەر بۇلار ئېيتقاندەك، ئاللاھ بىلەن بىرگە يەنە باشقا ئىلاھلار بولغان تەقدىردە، ئۇلار ئەرش ئىگىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئىگىلەش ئۈچۈن ئەلۋەتتە چارە ئىزدىگەن بولاتتى. ئاللاھ پاكتۇر، ئۇلارنىڭ قىلىشىۋاتقان سۆزلىرىدىن يۈكسەك ھەم ئالىيدۇر.» ①

بۇ ئايەتلەرنىڭ بېشىدىن تارتىپ تاكى ئاخىرىغىچە بىرلا مەركىزىي ئىدىيەنى ئۇچرىتىمىز. ئۇ بولسىمۇ، ئىلاھلىق بىلەن ھۆكۈمرانلىقنىڭ بىر ـ بىرىگە قەتئىي باغلىنىشلىق ئىكەنلىكى ھەمدە ئۆز روھى ۋە مەنىسى نۇقتىسىدىن ھەر ئىككىلىسىنىڭ ئوخشاشلا بىر نەرسە ئىكەنلىكىدۇر. دېمەك، ھۆكۈمرانلىقى بولمىسا ئىلاھلىقىمۇ بولمىغان بولىدۇ ۋە بولالماسلىقى لازىم.

---

① سۈرە بەنى ئىسرائىل 42 ـ 43 ـ ئايەت.

ھۆكۈمرانلىقى بولغاندىلا ئاندىن ئىلاھلىقى بولغان بولىدۇ ھەم بولۇشى لازىم. چۈنكى ئىلاھقا سىلەرنىڭ قانچىلىك ئېھتىياجىڭلار باغلىنىشلىق بولغان بولسا، ياكى قايسى خىل ئېھتىياجلارغا نىسبەتەن بىراۋنى ئىلاھ قىلىۋالغان بولساڭلار ئۇلارنى قاندۇرۇش ھۆكۈمرانلىق قۇدرىتىسىز قەتئىي مۇمكىن بولمايدۇ. شۇڭلاشقا ھوقۇقى بولماي تۇرۇپ ئىلاھ بولۇش پۈتۈنلەي مەنىسىز ۋە ھەقىقەتكە خىلاپ. ئۇنىڭغا سېغىنىش قەتئىي ھالدا نەتىجىسىز بولغان بولىدۇ.

قۇرئان كەرىمنىڭ مانا بۇ مەركىزى ئىدىيىگە قارىتا كەلتۈرگەن دەلىللىرىنى ۋە ئۇنىڭدىن خۇلاسىلىنىدىغان نەتىجىلەرنى تۆۋەندىكى تەرتىپ بويىچە ياخشى چۈشىنىۋېلىش لازىم.

1 ـ ھاجەتنى راۋا قىلىش، مۈشكۈلنى ئاسان قىلىش، پاناھلىق بېرىش، مەدەت ۋە ياردەم قىلىش، ئاسراش ۋە مۇھاپىزەت قىلىش، شۇنداقلا دۇئالارنى ئاڭلاش قاتارلىق بۇ ئىشلار ھەرگىزمۇ سىلەر ئويلاۋاتقاندەك ئاددىي ئىش ئەمەس، بەلكى بۇنىڭ مەنبەسى پۈتۈن كائىنات نىزامىنى يارىتىش ئىختىيارلىقىغا ۋە ئۇنى باشقۇرۇش قۇدرىتىگە بېرىپ چېتىلىدۇ. ناۋادا سىلەر ئەڭ ئاددىي ئېھتىياجىڭلارنىڭمۇ قانداق يوللار بىلەن قېنىۋاتقانلىقى ئۈستىدە ئازراقلا تەپەككۇر قىلىدىغان بولساڭلار، شۇنى بىلىپ يېتەلەيسىلەركى، ئاسمان، زېمىندىن ئىبارەت بۇ كاتتا سەنئەتگاھتىكى سان ـ ساناقسىز سەۋەب، ۋاسىتىلەر تەڭ ھەرىكەتكە كەلمەي تۇرۇپ، ھېچ بىر ئېھتىياجىڭلار مۇنداقلا قېنىپ قالمايدۇ. سىلەر ئىچىدىغان بىر ئىستاكان سۇ ياكى سىلەر يەيدىغان بىر تال بۇغدايمۇ قۇياش، زېمىن، ھاۋا، دېڭىز... دېگەندەك بىزگە نامالۇم يەنە قانچىلىغان ساناقسىز نەرسىلەرنىڭ تەڭ ھەرىكەت قىلىشى

بىلەن ئاندىن سىلەرگە يەتكۈزۈلىدۇ. دېمەك، دۇئالىرىڭلارنىڭ ئىجابەت بولۇشى، ھاجىتىڭلارنىڭ راۋا بولۇشى ئۈچۈن ئادەتتىكىچە ھوقۇق ئەمەس، بەلكى ئاسمان ـ زېمىننى پەيدا قىلىش، سەييارىلەرنى ھەرىكەتكە سېلىش ۋە بۇلۇتلارنى يۆتكەپ يامغۇر ياغدۇرۇش ئۈچۈن كېتەرلىك بولغان، قىسقىسى پۈتۈن كائىناتنى باشقۇرۇشقا لازىملىق بولغان ئالىي ھاكىمىيەت ھوقۇقى كېرەك بولىدۇ.

2 ـ بۇ ئالىي ھوقۇقنىڭ تەقسىملەنگەن بولۇشى قەتئىي مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى يارىتىش ھوقۇقى بىرسىدە بولۇپ، رىزىق بېرىش يەنە بىرسىدە بولسا، قۇياش بىرسىنىڭ ئالىقىنىدا بولۇپ، زېمىن يەنە بىرسىنىڭ ئالىقىنىدا بولسا، كېسەللىك ۋە سالامەتلىك بىرسىگە تەۋە بولۇپ، ھايات ۋە ماماتلىق يەنە بىرسىگە تەئەللۇق بولسا، بۇ كائىناتنىڭ ئىنتىزامى ھەرگىز تەرتىپ بىلەن ماڭالمايدۇ. شۇڭا پۈتۈن ھوقۇق ۋە قۇدرەت بىرلا مەركىزىي باشقۇرغۇچىنىڭ قولىدا بولۇشى لازىم. كائىناتنىڭ ئىنتىزامىمۇ شۇنداق بولۇشنى تەقەززا قىلىدۇ ۋە ئەمەلىيەتتىمۇ دەل شۇنداقتۇر.

3 ـ پۈتۈن ھوقۇق ۋە قۇدرەت يالغۇز بىرلا باشقۇرغۇچىنىڭ قولىدا بولغان ئىكەن، ئۇنىڭ ھوقۇق، ئىختىيارلىقىدا ھېچكىمنىڭ قىلچە شېرىكچىلىكى بولمىغان بولىدۇ. ئىلاھلىقمۇ تەبىئىي ھالدا ئاشۇ باشقۇرغۇچى ئۈچۈنلا خاسلاشقان ۋە ئۇنىڭدىمۇ ھېچ كىشىنىڭ ھەسسىدارلىقى بولمىغان بولىدۇ. ئاشۇ ئىلاھتىن باشقا ھېچ كىشىدە سىلەرنىڭ دادى ـ پەريادىڭلارغا يېتىدىغان، دۇئالىرىڭلارنى ئاڭلاپ، قوبۇل قىلىدىغان، پاناھلىق بېرىپ، ھامىي، مەدەتكار، باشپاناھ بولىدىغان ھوقۇق بولمايدۇ. ھەتتا «ئاللاھنىڭ

دەرگاھىدا يېقىن بەندە بولۇش سۈپىتى بىلەن پالانى ھەزرىتىمنىڭ سۆزى ئىشقا ئاشماي قالمايدۇ، ئۇنىڭ شاپائىتى قەتئىي ھالدا سۆزسىز قوبۇل قىلىنىدۇ» دېگەن مەنىدىن ئىبلىپ ئېيتقاندىمۇ، ئاللاھنىڭ بۇ تەڭداشسىز سەلتەنەت تۈزۈمىدە ھېچ بىر كىشىنىڭ ئۆزىچە قۇيرۇق شىپاڭلىتىش ھەققى بولمايدۇ. ھېچ كىشى ئاللاھنىڭ ئىشىغا ئارىلىشالمايدۇ. ھېچ كىمدە ئۆز شاپائىتىنى زادى ئىشقا ئاشۇرماي قويمايدىغان كۈچ ـ قۇدرەت بولمايدۇ. شاپائەتنى قوبۇل قىلىش ياكى قىلماسلىق پەقەتلا ئاللاھنىڭ ئىلكىدە بولىدۇ.

4 ـ بۇ ئالىي ھوقۇقنىڭ ۋەھدانىيىتى (يەنى بىر مەركەزلىكى) شۇنى تەقەززا قىلىدۇكى، ھاكىمىيەت ۋە ھۆكۈمرانلىقنىڭ پۈتۈن، بارلىق تۈرلىرىمۇ دەل ئاشۇ ئالىي ھوقۇقدار زاتقىلا مەركەزلەشكەن بولۇشى لازىم. ھەممە ھاكىمىيەتنىڭ ھېچ بىر قىسمى باشقىلارغا خاسلاشتۇرۇلماسلىقى لازىم. ئاللاھ تائالا يارىتىشتا ھېچ بىر شېرىكى بولمىغان ياراتقۇچى بولغان يەردە، شۇنداقلا كائىنات سىستېمىسىنىڭ ئىنتىزام، تەرتىپىدە باشقا ھېچ شېرىكى بولمىغان باشقۇرغۇچى، رەتكە سالغۇچى ۋە ئىنتىزاملاشتۇرغۇچى بولغان يەردە، شەكسىزكى، ھۆكۈم قىلىشمۇ، پەرمان چۈشۈرۈشمۇ، شەرىئەت (يەنى قانۇن) بەلگىلەشمۇ مۇتلەق ھالدا ئۇنىڭغىلا تەئەللۇق بولۇشى لازىم. خۇددى ئۇنىڭ سەلتەنىتىدە، باشقا بىرسىنىڭ پاناھلىق بەرگۈچى، ھاجەتنى راۋا قىلغۇچى، دادى ـ پەرياتقا يەتكۈچى بولۇشى خاتا بولغاندەك، كىشىنىڭ ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل ھۆكۈمران، قانۇنچى، ھاكىم بولۇۋېلىشىمۇ تۈپتىن خاتا بولغان بولىدۇ. قىسقىسى، يارىتىش ۋە رىزىقلاندۇرۇش، ھاياتلىق بېرىش ياكى ۋاپات قىلدۇرۇش، قۇياش، ئاي، كېچە، كۈندۈزلەرنى بويسۇندۇرۇش، قازا ۋە

قەدەر، ھۆكۈمرانلىق ۋە پادىشاھلىق، پەرمان چىقىرىش، ۋە قانۇنچىلىق قاتارلىق ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭ ئومۇمىي ھاكىمىيەت ھوقۇقىنىڭ ئوخشاش بولمىغان ساھەلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ ھاكىمىيەت ھوقۇقىنى قەتئىي ھالدا باشقىلارغا بۆلۈپ بېرىلمەيدۇ ھەم بۆلۈنىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا ناۋادا قانداقلا بىر كىشى ئاللاھنىڭ ھۆكمىنى ئاساس قىلماي تۇرۇپ، باشقا بىرەرسىنىڭ ھۆكۈمىنى «ئىتائەت قىلىش ۋاجىپ» دەپ چۈشىنىدىكەن ئۇ گويا ئاللاھتىن باشقىغا دۇئا قىلغاندەكلا مۇتلەق شېرىك كەلتۈرگەن بولىدۇ. شۇنىڭدەك، ناۋادا بىر كىشى سىياسىي مەنىدىن ئۆزىنى مۇستەقىل ھۆكۈمران، ئالىي پادىشاھ، ھاكىم مۇتلەق دەپ دەۋا قىلىدىكەن، ئۇ گويا تەبىئەتتىن تاشقىرى مەنىدىن «مەن سىلەرنىڭ مەدەتكارىڭلار، ۋەلىي، باشپاناھ، قوغدىغۇچىڭلار» دەپ دەۋا قىلغان كىشىدەك خۇدالىق دەۋاسى قىلغان بولىدۇ. شۇڭلاشقا قانداقلا جايدا يارىتىش، تەقدىرىنى بەلگىلەش، كائىناتنى باشقۇرۇش نۇقتىسىدىن ئاللاھنى "لا شريك" **(شېرىكى يوق)** دېيىلگەن بولسا، شۇنىڭ بىلەن قوشۇپ، "لم يكن له شريك في الملك" **(يەنى پادىشاھلىقتا ئۇنىڭ ھېچ قانداق شېرىكى يوق)** دەپمۇ تىلغا ئېلىنغان. بۇ شۇنى ئوچۇق دەلىللەپ بېرىدۇكى، «ئۇلۇھىيەت» (يەنى ئىلاھلىق) نىڭ مەنىسى، پادىشاھلىق، ھۆكۈمرانلىق دېگەن ئۇقۇمنىمۇ تەڭ ئۆز ئىچىگە ئالغان بولىدۇ. مانا بۇ مەنىلەردىن (يەنى ھۆكۈمرانلىقنى ئېتىراپ قىلىش مەنىسىدىن) ئاللاھتىن باشقا ھەرقانداق بىرىنى شېرىك قىلىپ قويماسلىق لازىم. تۆۋەندىكى ئايەتلەردە بۇ نۇقتا تېخىمۇ كەڭ ئېچىپ بايان قىلىنغان.

www.uyghurkitap.com

قُلِ اللَّهُمَّ مَالِكَ الْمُلْكِ تُؤْتِي الْمُلْكَ مَن تَشَاء وَتَنزِعُ الْمُلْكَ مِمَّن تَشَاء وَتُعِزُّ مَن تَشَاء وَتُذِلُّ مَن تَشَاء.

**«ئېيتقىنكى، «ئى پۈتۈن پادىشاھلىقنىڭ پادىشاھى بولغان ئاللاھ! خالىغان ئادەمگە پادىشاھلىقنى بېرىسەن، خالىغان ئادەمدىن پادىشاھلىقنى تارتىپ ئالىسەن؛ خالىغان ئادەمنى ئەزىز قىلىسەن، خالىغان ئادەمنى خار قىلىسەن.»** [1]

فَتَعَالَى اللَّهُ الْمَلِكُ الْحَقُّ لَا إِلَهَ إِلَّا هُوَ رَبُّ الْعَرْشِ الْكَرِيمِ.

**«دېمەك، ھەقىقىي پادىشاھ بولغان ئاللاھ ھەممىدىن ئۈستۈندۇر، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، ئاللاھ ئۇلۇغ ئەرشنىڭ ئىگىسىدۇر.»** (سۈرە مۆئمىنۇن 116 ـ ئايەت)

قُلْ أَعُوذُ بِرَبِّ النَّاسِ. مَلِكِ النَّاسِ. إِلَهِ النَّاسِ.

**«ئىنسانلارنىڭ پەرۋەردىگارى، ئىنسانلارنىڭ پادىشاھى، ئىنسانلارنىڭ ئىلاھى ئاللاھقا سېغىنىپ، پاناھ تىلەيمەن» دېگىن.»** (سۈرە ناس 1 ـ 2 ـ 3 ـ ئايەت)

سۈرە غاپىرنىڭ 16 ـ ئايىتىدە تېخىمۇ ئوچۇق ۋە تېخىمۇ كۈچلۈك قىلىپ مۇنداق چۈشەندۈرۈلگەن:

يَوْمَ هُم بَارِزُونَ لَا يَخْفَى عَلَى اللَّهِ مِنْهُمْ شَيْءٌ لِّمَنِ الْمُلْكُ الْيَوْمَ لِلَّهِ الْوَاحِدِ الْقَهَّارِ. **يەنى، ئۇلار قەبرىلەردىن چىققان كۈندە ئۇلارنىڭ ھېچنەرسىسى ئاللاھتىن مەخپىي قالمايدۇ، شۇچاغدا «بۈگۈن پادىشاھلىق كىمگە خاس؟»**

[1] سۈرە ئال ئىمران 26 ـ ئايەت.

www.uyghurkitap.com

(دېيىلگەندە)، **«پەقەت غالىب بىرلا ئاللاھقا خاس»** دەپ جاۋاب بېرىلىدۇ. (يەنى پۈتۈن خالايىقنىڭ نىقابى ئېلىپ تاشلانغان ئۇ كۈندە ئاللاھتىن ھېچ كىشىنىڭ سىرى يوشۇرۇنۇپ قالمايدۇ، شۇ چاغدا «بۈگۈن پادىشاھلىق كىمگە خاس؟» دەپ توۋلىنىدۇ، بۇنىڭغا قارىتا «ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقى ھەممىدىن غالىپ بىرلا ئاللاھقا خاس» دېيگەندىن باشقا جاۋاب چىقمايدۇ.

بۇ ئايەتنى ئىمام ئەھمەد رەھىمەھۇللاھ نەقىل قىلغان ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ تۆۋەندىكى رىۋايىتى ئىنتايىن ياخشى تەپسىرلەپ بېرىدۇ، ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆز خۇتبىسىدە مۇنداق دېگەنلىكىنى بايان قىلىدۇ:

«انه تعالى يطوى السموات والارض بيده ثم يقول انا لملك انا الجبار انا المتكبر اين ملك الارض؟ اين الجبارون؟ اين المتكبرون؟ »

**«ئاللاھ تائالا زېمىن ۋە ئاسمانلارنى ئالقىنىدا تۇتتۇپ تۇرۇپ، ‹مانا مەن پادىشاھ، مانا مەن جەببارلىك (يەنى قەھھارلىك)، مانا مەن كاتتا. قېنى ئۇ زېمىندا پادىشاھ بولىۋالغانلار؟ قېنى ئۇ جەببارلىكلەر(يەنى قەھھارلىكلەر)، قېنى ئۇ كاتتىلار؟› دەپ توۋلايدۇ.»**

ھەدىسنىڭ ئاخىرىدا ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يەنە «بۇ سۆزلەرنى قىلىۋاتقان چاغدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەممە ئەزايى شۇ قەدەر تىترەپ، لەرزىگە كېلىپ كەتكەنكى، ھەتتا بىز مۇنبەردىن يىقىلىپ چۈشەمدىكى دەپ ئەندىشىگە قېلىشقا باشلىغان ئىدۇق» دەپ بايان قىلىدۇ.

## رەب

## لۇغەتتىكى ئۇقۇملىرى ھەققىدە تەھلىل

بۇ سۆز ر، ب، ب دىن ئىبارەت ئۈچ ھەرپتىن تۈزۈلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئەڭ ئىپتىدائىي ۋە ئەڭ ئاساسىي ئۇقۇمى پەرۋىش قىلىش دېگەننى بىلدۈرىدۇ. شۇنىڭدىن تەسەررۇپ قىلىش، خەۋەر ئېلىش، ھال ــ ئەھۋالىنى تۈزەش، تولۇقلاش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش دېگەن ئۇقۇملارمۇ كېلىپ چىققان. ئاندىن مۇشۇلارنى ئاساس قىلغان ھالدا يۈكسەكلىك، ئۈستۈنلۈك، ئىگىدارچىلىق ۋە خوجايىنلىق ئۇقۇملىرىمۇ مەيدانغا چىققان. بۇ سۆزنىڭ لۇغەتتە ئىشلىتىلىشىگە دائىر بىرقانچە مىساللارنى تۆۋەندىكىچە مۇلاھىزە قىلىشقا بولىدۇ.

1 ــ مەنىسى، پەرۋىش قىلىش، يېتىلدۈرۈش، ئۆستۈرۈش بولۇپ، مەسىلەن، ئۆگەي دادىنىڭ ئۆيىدە ئۆسكەن ئوغۇل ‹ربيب›، قىز ‹ربيبه› دەپ ئاتىلىدۇ. باققۇچى ئېنىك ئانىمۇ ‹ربيبه› دېيىلىدۇ. ئۆگەي ئانىنىڭ ‹رابّه› دەپ ئاتىلىشى گەرچە ئۆز ئەۋلادى بولمىسىمۇ، ئەمما ئۆيىدە ئۆستۈرگەنلىكىدىن بولغان. شۇنىڭدەك ئۆگەي دادىمۇ ‹رابّ› دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە مەخسۇس ساقلانغان دورىلارمۇ ‹مربّب›، ياكى ‹مربّى› دەپ ئاتىلىدۇ. «رَبَّ، يُرَبَّ، رَبًّا»نىڭ مەنىسى، خۇددى «رَبُّ النِعْمَةَ» يەنى، «ئېھساننى ئاشۇردى، ياكى ياخشىلىق قىلىشتا ۋايىغا يەتكۈزۈپ بەردى» دەپ ئىشلىتىلگەنگە ئوخشاش ئاۋۇتۇش، ئاشۇرۇش، مۇكەممەللەشتۈرۈش قاتارلىقلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان بولىدۇ.

2 ـ مەنىسى، توپلاش، جەم قىلىش، ھازىر قىلىش بولۇپ، مەسىلەن، «فَلاَنٌ يَرُبُّ النَّاسَ» يەنى، «پالانى كىشىلەرنى جەم قىلىدۇ، ياكى پۈتۈن كىشىلەر پالانىغا توپلىشىدۇ» دەپمۇ ئىشلىتىلىدۇ. شۇنىڭدەك توپلىشىدىغان جايمۇ ‹مَرَبّ› دېيىلىدۇ. جەم بولۇش ۋە ھازىر بولۇش ئۈچۈنمۇ «تَرَبُّبْ» دېگەن سۆز ئىشلىتىلىدۇ.

3 ـ مەنىسى، خەۋەر ئېلىش، ھال ـ ئەھۋالىنى ئوڭشاش، بېقىپ قاراش ۋە كاپالەتلىك قىلىش بولۇپ، مەسىلەن، ‹رَبَّ ضَيعَتَهُ› نىڭ مەنىسى، «پالانى ئۆز مال ـ مۈلكىگە ئاسراپ قارىدى» دېگەننى بىلدۈرىدۇ.

ئەبۇ سوفيانىغا سەفۋان «مېنى قۇرەيشتىن بىرەر كىشىنىڭ ئۆز رۇبۇبىيىتى (يەنى پاناھلىقى) ئاستىغا ئالغانلىقى ھەۋازىن قەبىلىسىدىن بىرەرسىنىڭ شۇنداق قىلغىنىدىن تېخىمۇ بەك ئەۋزەل» دېگەن.

ئەلقەمە ئىبنى ئۇبەيدە ئۆز شېئىرىدە:

وَكُنْتُ امْرَأً اَفْضَتْ اِلَيْكَ رِبَابَتِي. وَقَبْلَكَ رَبَّتْنِي فَضِعْتُ رُبُوبِي

«يەنى، سەندىن ئىلگىرى ماڭا مۇرەببىيلىك قىلغان كىشىنى يوقىتىپ قويدۇم. مانا ئاخىرى مېنىڭ ئىگىدارچىلىقىم ۋە تەربىيەم سېنىڭ قولۇڭغا قالدى» دېگەن بولسا، فەرزۇق ئۆز شېئىرىدە:

كانوا كَسَائِلَةٍ حَمْقاءَ اِذْ حَقَنَتْ. سَلاَءَهَا فِي اَدِيمٍ غَيْرِ مَرْبُوبِ دېگەن.

بۇ شېئىردىكى «اَدِيمْ غَيْرِ مَرْبُوبِ»نىڭ مەنىسى، ئاشلانمىغان، يۇمشىتىپ، تەييارلانمىغان تېرىنى بىلدۈرىدۇ. «فلان يرب صنعته عندة فلان» دېگەنلىك «پالانى كىشى پالانچىنىڭ يېنىدا ئۆز كەسپىنى قىلىدۇ ياكى ئۇنىڭدىن ھۈنەرۋەنلىك تەربىيىسى ئالىدۇ» دېگەنلىك بولىدۇ.

4 ـ مەنىسى، ئۈستۈنلۈك، ھۆكۈمرانلىق، سەردارلىق، بۇيرۇق چۈشۈرگۈچى، تەسەررۇپ قىلغۇچى، (يەنى ئىشلەتكۈچى) قاتارلىقلار بولۇپ، مەسىلەن، «قَدْ ربّ فلان قومه» «يەنى پالانى قەۋمىنى ئۆز ھۆكمىگە بويسۇندۇرىۋالدى» «رَبيتُ القوم» «يەنى، مەن قەۋمىمگە ھۆكمۈمنى يۈرگۈزدۈم ۋە ھۆكۈمران بولدۇم» دەپمۇ ئىشلىتىلىدۇ. لۇبەيد ئىبنى رەبىئە ئۆز شېئىرىدە:

وَاَهْلَكْنَ يَوْمًا رَبَّ كِنْدَةَ وَابْنَه، وَرَبّ مَعَدٌ بَيْنَ خَبْتٍ وَعَرْعَرِ

دەپ يازغان. بۇ شېئىردىكى «رَبَّ كِنْدَةَ» دېگەننىڭ مەنىسى «كىندەنىڭ سەردارى، پۈتۈن قەبىلىدە ئۇنىڭ ھۆكمى ئاقىدۇ» دېگەننى بىلدۈرىدۇ. مۇشۇ مەنىدە نابىغە زىبيانىنىڭمۇ:

تَخِبُّ اِلَى النُّعْمَانِ حَتَّى تَنَالَهُ، فِدًى لَكَ مِنْ رَّبٍّ تَلِيْدِى وَطَارِفِى

دېگەن شېئىرى مەۋجۇد.

5 ـ مەنىسى، خوجايىنلىق قىلىش بولۇپ، مەسىلەن، ھەدىس شەرىپتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر كىشىدىن، «أَرَبُّ غَنَمٍ اَمْ رَبُّ ابلٍ» «سەن قوينىڭ خوجايىنىمۇ ياكى تۆگىنىڭمۇ» دەپ سورىغان. مانا بۇ مەنىدىن ئۆينىڭ ئىگىسى «رَبُّ الدَّارِ»، تۆگىنىڭ ئىگىسى «رَبُّ النَاقَه»، مال ـ مۈلۈكنىڭ خوجايىنى «رَبُّ الضَّيْعَه» دېيىلىدۇ. شۇڭا بەندە ۋە قۇلنىڭ ئەكسى بولغان «ئىگە، خوجايىن» دېگەن ئۇقۇملار ئۈچۈن «رەب» دېگەن سۆز ئىشلىتىلىدۇ.

كېيىنكى چاغلاردا بولسا، خاتا ھالدا «رەب»نىڭ مەنىسى، پەرۋەردىگار يەنى پەرۋىش قىلغۇچى دېگەن ئۇقۇم بىلەنلا چەكلىنىپ قالغان بولغاچقا،

شۇنىڭدىن «هو اَنْشاَ الشَّىءَ حالاً فَحالاً اِلَى حَدِّ التَّمَامِ» (**يەنى، شەيئىنى باسقۇچمۇ باسقۇچ تەرەققىي قىلدۇرۇپ، كامالەتكە يەتكۈزۈش**) دېگەندەك سۆزلەر كېلىپ چىققان. ۋەھالەنكى بۇ ئۇنىڭ شۇنچە نۇرغۇن كەڭ مەنىلىرى ئىچىدىن پەقەت بىرسىلا بولالايتتى. ئەگەر «رەب» دېگەن سۆزنىڭ يۇقىرىقى پۈتۈن مەنىۋى كەڭلىكىگە نەزەر سالىدىغان بولساق، ئۇ تۆۋەندىكى ئۇقۇملارنىڭ ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولىدۇ.

1 ـ پەرۋىش قىلغۇچى، ئېھتىياجلارنى قاندۇرغۇچى، تەربىيىلىگۈچى ۋە ئۆستۈرگۈچى.

2 ـ كاپالەتلىك قىلغۇچى، خەۋەر ئالغۇچى، ئاسراپ قارىغۇچى، ھال ـ ئەھۋاللارنى ئوڭشىغۇچى.

3 ـ مەركەزلىك سالاھىيەتكە ئىگە بولغۇچى، تارقاق كىشىلەرنى ئۆزىگە مەركەزلەشتۈرۈپ جەم قىلغۇچى.

4 ـ ئىتائەتنىڭ ئىگىسى، پەۋقۇلئاددە ھوقۇقلۇق ھۆكۈمران، يۈكسەكلىكنى ۋە ئۈستۈنلۈكنى ھەممە ئېتىراپ قىلىدىغان، ئىشلىتىش ۋە تەسەررۇپ قىلىشنىڭ پۈتۈن ھوقۇقى ئىلكىدە بولغان زات.

5 ـ ئىگە ۋە خوجايىن دېگەنلەرنى بىلدۈرگەن بولىدۇ.

## «رەب» دېگەن سۆزنىڭ قۇرئاندىكى ئىشلىتىلىشى

قۇرئان كەرىمدە بۇ سۆز يۇقىرىقى ئۇقۇملارنىڭ ھەممىدە تەڭ ئىشلىتىلگەن. بەزى جايلاردا شۇلاردىن بىر ياكى ئىككى ئۇقۇملىرىلا كۆزدە تۇتۇلغان بولسا، بەزى جايلاردا ئۇنىڭدىن كۆپرەك ئۇقۇملىرى ياكى بارلىق

بەش خىل ئۇقۇملىرىنىڭ ھەممىسى تەڭ كۆزدە تۇتۇلغان. بۇ نۇقتىنى بىز قۇرئان ئايەتلىرىدىن ھەرخىل مىساللارنى كەلتۈرۈش ئارقىلىق ئايدىڭلاشتۇرۇپ ئۆتىمىز. مەسىلەن، سۈرە يۇسۇفنىڭ 23 ـ ئايىتىدە: «قَالَ مَعَاذَ اللَّهِ إِنَّهُ رَبِّي أَحْسَنَ مَثْوَايَ» **«يۇسۇف، ‹ئاللاھ پاناھلىق بەرسۇن! ئۇ مېنىڭ رەببىمدۇر، ماڭا ناھايىتى ياخشى قارىغان› دېدى»** دەپ بىرىنچى خىل ئۇقۇملىرى ئىشلىتىلگەن①.

«رەب» دېگەن سۆزنىڭ يۇقىرىقى بىرىنچى ۋە ئىككىنچى خىل ئۇقۇملىرىنى ئورتاق ئىپادىلەپ، سۈرە شۇئەرانىڭ 77 ـ ئايىتىدىن 80 ـ ئايىتىگە قەدەر بولغان ئايەتلىرىدە: «فَإِنَّهُمْ عَدُوٌّ لِّي إِلَّا رَبَّ الْعَالَمِينَ. الَّذِي خَلَقَنِي فَهُوَ يَهْدِينِ. وَالَّذِي هُوَ يُطْعِمُنِي وَيَسْقِينِ. وَإِذَا مَرِضْتُ فَهُوَ يَشْفِينِ» **«سىلەرنىڭ بۇ مەبۇدلىرىڭلارنىڭ ھەممىسى دۈشمىنىمدۇر، پەقەت مېنى ياراتقان ھەمدە ماڭا ھىدايەت قىلىدىغان ئالەملەرنىڭ رەببىلا (ئۇنداق ئەمەس). ئۇ ماڭا تاماق بېرىدۇ، ئۇسسۇلۇق بىلەن تەمىنلەيدۇ. ئاغرىسام ئۇ ماڭا شىپالىق بېرىدۇ»** دېيىلگەن.

سۈرە نەھلىنىڭ 53 ـ 54 ـ ئايەتلىرىدە: «وَمَا بِكُم مِّن نِّعْمَةٍ فَمِنَ اللَّهِ ثُمَّ إِذَا مَسَّكُمُ الضُّرُّ فَإِلَيْهِ تَجْأَرُونَ. ثُمَّ إِذَا كَشَفَ الضُّرَّ عَنكُمْ إِذَا فَرِيقٌ مِّنكُم بِرَبِّهِمْ يُشْرِكُونَ» **«سىلەر بەھرىمەن بولۇۋاتقان نېمەتلەرنىڭ ھەممىسىنى ئاللاھ بەرگەن، سىلەرگە بىرەر**

① بۇ يەردە خۇددى بەزى مۇپەسسىرلەر ئويلاپ قالغاندەك «يۇسۇف ئەلەيھىسسالام ئەزىزى مىسىرنى ‹رەببىم› دەپ ئاتىغان» دېگەندەك خاتا ئويدا بولۇپ قالماسلىقىمىز لازىم. ئەمەلىيەتتە ‹رەببىم› دېگەن سۆزنىڭ قاراتمىلىقى ئاللاھقا، يەنى يۇسۇف ئەلەيھىسسالام پاناھلىقنى تىلىگەن ئاللاھقا قارىتىلغان بولۇپ، يۇقىرىقى [illegible] «ئاللاھ پاناھلىق بەرسۇن! ئۇ مېنىڭ رەببىمدۇر» دېگەن جۈملىدە ‹رەببىم› دېگەن سۆزنىڭ قاراتما ئوبيېكتى شۇنچە يېقىندىلا تۇرغان يەردە، نېمە ئۈچۈن تىلغا ئېلىنمىغان يەنە باشقا قاراتما ئوبيېكتىلىرىنى ئىزدەپ يۈرگۈدەكمىز؟

**ئېغىرچىلىق يەتسە، يەنە يالۋۇرۇپ ئاللاھ تەرەپكە يۈگۈرەيسىلەر. ئاللاھ سىلەردىن ئېغىرچىلىقنى كۆتۈرۈۋەتسە، ئاراڭلاردىن بىر بۆلۈك كىشىلەر ئۆز رەببىنىڭ (بۇ نېمەتنى بەخش ئەتكۈچى ۋە قىيىنچىلىقلارنى دەپئى قىلغۇچى) ئىكەنلىكىگە دەرھال باشقىلارنى شېرىك كەلتۈرۈشكە باشلايدۇ»** دېيىلسە، سۈرە ئەنئامنىڭ 164 ـ ئايىتىدە: «قُلْ أَغَيْرَ اللّهِ أَبْغِي رَبًّا وَهُوَ رَبُّ كُلِّ شَيْءٍ» **«ئېيتقىنكى، ‹ئاللاھ ھەممە نەرسىنىڭ رەببى تۇرسا، ئۇنىڭدىن باشقا رەبنى تەلەپ قىلامدىمەن؟›»** دېيىلگەن. سۈرە مۇزەممىلنىڭ 9 ـ ئايىتىدە بولسا، «رَبُّ الْمَشْرِقِ وَالْمَغْرِبِ لَا إِلَهَ إِلَّا هُوَ فَاتَّخِذْهُ وَكِيلاً» **«ئۇ مەشرىقنىڭ ۋە مەغرىبنىڭ رەببىدۇر، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، شۇڭا ئۇنىلا ئۆزەڭگە ھامىي قىلغىن (بارلىق ئىشلىرىڭغا ئۇنىلا كېپىل ۋە مەسئۇل) قىلغىن»** دېيىلگەن.

ئۈچىنچى خىل ئۇقۇملىرى نۇقتىسىدىن، سۈرە ھۇدنىڭ 34 ـ ئايىتىدە: «هُوَ رَبُّكُمْ وَإِلَيْهِ تُرْجَعُونَ» **«ئۇ سىلەرنىڭ رەببىڭلاردۇر ۋە سىلەر ئۇنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر»**، دېيىلسە، سۈرە زۇمەرنىڭ 7 ـ ئايىتىدە: «ثُمَّ إِلَى رَبِّكُم مَّرْجِعُكُمْ» **«ئاندىن سىلەر ئۆز رەببىڭلار تەرەپكە قايتىسىلەر»** دېيىلگەن. سۈرە سەبەئنىڭ 26 ـ ئايىتىدە: «قُلْ يَجْمَعُ بَيْنَنَا رَبُّنَا» **«ئېيتقىنكى، ‹بىز ھەر ئىككى پىرقىنى رەببىمىز جەم قىلىدۇ›»** دېيىلگەن بولسا، سۈرە ئەنئامنىڭ 38 ـ ئايىتىدە: «وَمَا مِن دَآبَّةٍ فِي الأَرْضِ وَلاَ طَائِرٍ يَطِيرُ بِجَنَاحَيْهِ إِلاَّ أُمَمٌ أَمْثَالُكُم مَّا فَرَّطْنَا فِي الكِتَابِ مِن شَيْءٍ ثُمَّ إِلَى رَبِّهِمْ يُحْشَرُونَ» **«يەر يۈزىدە ماڭىدىغان بىرەر ھايۋانغا ياكى قاناتلىرى بىلەن ئۇچىدىغان بىرەر ئۇچار قۇشقا قارىغىن، ھەممىسى سىلەرگە ئوخشاش ئۈممەتلەردۇر. بىز ئۇلارنىڭ تەقدىر كىتابىدا ھېچ بىر يېتەرسىزلىك**

**قالدۇرمىدۇق. كېيىن بۇلار ھەممىسى پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىغا قايتىدۇ»** دېيىلگەن. ھەمدە سۈرە ياسىنىڭ 51 ـ ئايىتىدە: «وَنُفِخَ فِي الصُّورِ فَإِذَا هُم مِّنَ الْأَجْدَاثِ إِلَى رَبِّهِمْ يَنسِلُونَ» **«سۇر چېلىنغان ھامان ئۇلار ماكانلىرىدىن رەببى تەرەپكە تېپىلىشىپ ماڭىدۇ»** دېيىلگەن.

يۇقىرىقى تۆتىنچى خىل ئۇقۇملىرى نۇقتىسىدىن (ئۇنىڭدا ئالدىنقى ئۈچىنچى خىل ئۇقۇملىرىنىڭ تەسەۋۋۇرىمۇ ئۇچرايدۇ، ئەلۋەتتە.)، سۈرە تەۋبىنىڭ 31 ـ ئايىتىدە: «اتَّخَذُواْ أَحْبَارَهُمْ وَرُهْبَانَهُمْ أَرْبَابًا مِّن دُونِ اللّهِ» **«ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ھىبرلىرىنى ۋە راھىپلىرىنى ئاللاھتىن باشقا رەبلەرگە ئايلاندۇرۇۋالدى»** دېيىلگەن بولسا، سۈرە ئال ئىمرانىنىڭ 64 ـ ئايىتىدە: «وَلاَ يَتَّخِذَ بَعْضُنَا بَعْضاً أَرْبَابًا مِّن دُونِ اللّهِ» **«بىزدىن ھېچ بىرىمىز ئاللاھنى قويۇپ، بىر ـ بىرىمىزنى رەب قىلىۋالمايلى»** دېيىلگەن.

بۇ ھەر ئىككى ئايەتتىكى «ئەرباب» دېگەن سۆز ھەرقايسى قەۋم ۋە پىرقىلەر ئۆزىگە نىسبەتەن مۇتلەق ھالدىكى پىشىۋا، يول باشچىغا ئايلاندۇرىۋالغان، شۇلارنىڭ كۆرسەتمىلىرى ۋە چەكلىمىلىرى پرىنسىپ، ئىنتىزام دەپ قارىلىدىغان، شۇلارنىڭ ھالال ياكى ھارام قىلىشلىرى دەلىل تەلەپ قىلماستىن مۇتلەق ئېتىراپ قىلىنىدىغان، ئۇلارنى ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل ھۆكۈم چىقىرىشقا، بۇيرۇق ۋە چەكلىمىلەرنى قويۇشقا يۈتۈنلەي ھەقلىق دەپ قارىلىدىغان كىشىلەرگە قارىتىلغان.

شۇنىڭدەك، سۈرە يۇسۇفنىڭ 41 ـ 42 ـ ئايەتلىرىدە: «يَا صَاحِبَيِ السِّجْنِ أَمَّا أَحَدُكُمَا فَيَسْقِي رَبَّهُ خَمْرًا... وَقَالَ لِلَّذِي ظَنَّ أَنَّهُ نَاجٍ مِّنْهُمَا اذْكُرْنِي عِندَ رَبِّكَ فَأَنسَاهُ الشَّيْطَانُ ذِكْرَ رَبِّهِ» **«يۇسۇف ئۇلارغا: «ئى تۈرمىداش ئاغىنىلەر! سىلەردىن بىرىڭلار**

**(زىنداندىن چىقىپ) ئۆز رەببىگە هاراق قويۇپ بېرىدۇ...» دېدى. يۇسۇف ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى قويۇپ بېرىلىشىگە ئىشەنگەن بىرسىگە: «مېنى رەببىڭنىڭ ئالدىدا ئەسلەپ قويغىن» دېگەن ئىدى. ئەمما شەيتان ئۇنى ئۇنتۇلدۇردى. ئۇ ئۆز رەببىنىڭ ئالدىدا يۇسۇفنى ئەسلەشنى خاتىرىلىمىدى»** دېيىلگەن بولسا، سۈرە يۇسۇفنىڭ 50 ـ ئايىتىدە: «فَلَمَّا جَاءَهُ الرَّسُولُ قَالَ ارْجِعْ إِلَى رَبِّكَ فَاسْأَلْهُ مَا بَالُ النِّسْوَةِ اللَّاتِي قَطَّعْنَ أَيْدِيَهُنَّ إِنَّ رَبِّي بِكَيْدِهِنَّ عَلِيمٌ» **«ئەلچى يۇسۇفنىڭ يېنىغا بارغاندا، يۇسۇف ئەلچىگە: «رەببىڭنىڭ يېنىغا قايتىپ بېرىپ، ئۇنىڭدىن ھېلىقى قوللىرىنى كېسىۋالغان خوتۇنلارنىڭ ئىشىنى، (بىلەمدۇ؟) سوراپ باققىن، شۈبھىسىزكى مېنىڭ رەببىم ئۇلارنىڭ ھىيلىسىنى ئوبدان بىلىدۇ» دېدى»** دېيىلگەن.

بۇ ئايەتلەردە يۇسۇف ئەلەيھىسسالام مىسىرلىقلارغا خىتاب قىلىپ، ئۇلارنىڭ مىسىر فىرئەۋنلىرىنى رەب قىلىۋالغانلىقىنى قايتا ـ قايتا ئۇختۇرۇپ ئۆتكەن. چۈنكى ئۇلار پىرئەۋننىڭ ئالىي مەركەزلىكىنى، يۈكسەك ھۆكۈمرانلىقىنى ۋە يولىيورۇق، چەكلىمىلەرنى بېرىشكە تولۇق خوجىدار ئىكەنلىكىنى قوبۇل قىلىشاتتى. مۇشۇ نۇقتىدىن پىرئەۋن ئۇلارنىڭ رەببى ھېسابلىناتتى. يۇسۇف ئەلەيھىسسالام بولسا، دەل شۇنىڭ ئەكسىچە بىر ئاللاھنىلا ئۆزىنىڭ رەببى دەپ قارار قىلاتتى. چۈنكى ئۇ پىرئەۋننى ئەمەس، پەقەت ئاللاھنىلا ئالىي ھۆكۈمرانلىقا، يولىيورۇق ۋە چەكلىمىلەرنى بېرىشكە ئىگىدار دەپ ئىمان كەلتۈرەتتى.

بەشىنچى خىل ئۇقۇملىرى نۇقتىسىدىن، سۈرە قۇرەيشنىڭ 3 ـ 4 ـ ئايەتلىرىدە: «فَلْيَعْبُدُوا رَبَّ هَذَا الْبَيْتِ. الَّذِي أَطْعَمَهُم مِّن جُوعٍ وَآمَنَهُم مِّنْ خَوْفٍ» **«شۇڭا**

**بۇ ئۆينىڭ رەببىگە ئىبادەت قىلىش لازىمكى، ئۇ ئۇلارنى ئاچلىقتا ئوزۇقلاندۇرۇشنىڭ ئىنتىزامىنى قىلغان، ئۇلارنى قورقۇنچتىن ئەمىن قىلغان»** دېيىلگەن بولسا، سۈرە سافقاتنىڭ 180 ـ ئايىتىدە: «سُبْحَانَ رَبِّكَ رَبِّ الْعِزَّةِ عَمَّا يَصِفُونَ» **«ئىززەت ۋە قۇدرەت ئىگىسى بولغان رەببىڭ ئۇلارنىڭ سۈپەتلىگەنلىرىدىن پاكتۇر»** دېيىلگەن، سۈرە ئەنبىيانىڭ 22 ـ ئايىتىدە: «فَسُبْحَانَ اللَّهِ رَبِّ الْعَرْشِ عَمَّا يَصِفُونَ» **«ئەرشنىڭ خوجايىنى بولغان ئاللاھ ئۇلارنىڭ سۈپەتلىگەن ئەيىبلىرىدىن پاكتۇر»** دېيىلسە، سۈرە مۆئمىنۇننىڭ 86 ـ ئايىتىدە: «قُلْ مَن رَّبُّ السَّمَاوَاتِ السَّبْعِ وَرَبُّ الْعَرْشِ الْعَظِيمِ» **«ئۇلاردىن سورىغىنكى، ‹يەتتە ئاسماننىڭ ۋە ئۇلۇغ ئەرشنىڭ ئىگىسى كىم؟›»** دېيىلگەن. شۇنىڭدەك، سۈرە سافقاتنىڭ 5 ـ ئايىتىدە: «رَبُّ السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ وَمَا بَيْنَهُمَا وَرَبُّ الْمَشَارِقِ» **«ئەنە شۇ ئاللاھ ئاسمانلارنىڭ، زېمىننىڭ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بارلىق نەرسىلەرنىڭ ۋە پۈتۈن مەشرىقلەرنىڭ خوجايىنىدۇر»** دېيىلگەن. شۇنداقلا سۈرە نەجمنىڭ 49 ـ ئايىتىدىمۇ: «وَأَنَّهُ هُوَ رَبُّ الشِّعْرَى» **«ھەمدە ئاللاھ شىئرا يۇلتۇزىنىڭمۇ خوجايىنىدۇر»** دېيىلگەن.

## ئازغۇن قەۋملەرنىڭ رۇبۇبىيەتكە دائىر خىيال، تەسەۋۋۇرلىرى

مانا بۇ دەلىللەر ئارقىلىق «رەب» دېگەن سۆزنىڭ پۈتۈن مەنە، ئۇقۇملىرى، ھېچ شەك ـ شۈبھىگە ئورۇن قالمىغان دەرىجىدە ئايدىڭلاشقان بولىدۇ. ئەمدى بىز ئازغۇن قەۋملەرنىڭ رۇبۇبىيەت (يەنى پەرۋەردىگارلىق) بابىدا زادى قانداق خاتا قاراشلارغا مۇپتىلا بولغانلىقىغا، شۇنداقلا قۇرئان كەرىمنىڭ بۇ ھەقتە نېمىگە چاقىرىپ،

نېمىلەرگە رەددىيە بېرىدىغانلىقىغا قاراپ چىقىشىمىز لازىم. بۇنىڭ ئۈچۈن ئالدى بىلەن قۇرئان كەرىمدە تىلغا ئېلىنغان ئازغۇن قەۋملەر ئۈستىدە ئايرىم ــ ئايرىم توختىلىپ، ئۇلارنىڭ شۇ ھەقتىكى خىيال، تەسەۋۋۇرلىرىنى مۇلاھىزە قىلىش ئارقىلىق بۇ مەسىلىنى پۈتۈنلەي ئايدىڭلاشتۇرۇپ ئۆتىمىز.

## نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى

قۇرئان كەرىمدە تىلغا ئېلىنغان ئەڭ دەسلەپكى قەۋم نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى بولۇپ، قۇرئاننىڭ بايانلىرىدىن شۇنى ئېنىق بىلىۋالغىلى بولىدۇكى، ئۇلار ئاللاھنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئىنكار قىلمايتتى. شۇڭا قۇرئان كەرىمدە نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋىتىگە قارىتا ئۇلارنىڭ: «مَا هَـٰذَا إِلَّا بَشَرٌ مِّثْلُكُمْ يُرِيدُ أَن يَتَفَضَّلَ عَلَيْكُمْ وَلَوْ شَاءَ اللَّهُ لَأَنزَلَ مَلَائِكَةً» **«بۇ پەقەت سىلەرگە ئوخشاش بىر ئىنساندۇر، ئۇ سىلەردىن ئۈستۈن بولۇۋالماقچى، ئەگەر ئاللاھ (پەيغەمبەر ئەۋەتىشنى) خالىسا ئىدى، ئەلۋەتتە، پەرىشتىلەرنى ئەۋەتەتتى»**[1] دەپ بىلدۈرگەن ئېتىرازلىرى نەقىل كەلتۈرۈلگەن.

ئۇلار ئاللاھنىڭ ياراتقۇچى ئىكەنلىكىنىمۇ، جۈملىدىن «رەب»نىڭ 1 ــ ۋە 2 ــ خىلدىكى ئۇقۇملىرى نۇقتىسىدىن رەب ئىكەنلىكىنىمۇ ئىنكار قىلمايتتى. شۇڭا نۇھ ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: «هُوَ رَبُّكُمْ وَإِلَيْهِ تُرْجَعُونَ» **«ئەنە شۇ ئاللاھ سىلەرنىڭ رەببىڭلاردۇر، سىلەر ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتىسىلەر»**[2]،

---

① سۈرە مۆئمىنۇن، 24 ــ ئايەت

② سۈرە ھۇد، 34 ــ ئايەت .

«اسْتَغْفِرُوا رَبَّكُمْ إِنَّهُ كَانَ غَفَّارًا» **«رەببىڭلاردىن مەغپىرەت تىلەڭلار، ئۇ ھەقىقەتەن مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر»** [①]، «أَلَمْ تَرَوْا كَيْفَ خَلَقَ اللَّهُ سَبْعَ سَمَاوَاتٍ طِبَاقًا. وَجَعَلَ الْقَمَرَ فِيهِنَّ نُورًا وَجَعَلَ الشَّمْسَ سِرَاجًا. وَاللَّهُ أَنبَتَكُم مِّنَ الْأَرْضِ نَبَاتًا» **«سىلەر كۆرمەمسىلەركى، ئاللاھ قانداق قىلىپ يەتتە ئاسماننى قات ـ قات قىلىپ ياراتتى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئاينى نۇر ۋە قۇياشنى چىراغ قىلدى ھەمدە ئاللاھ سىلەرنى زېمىندىن ياراتتى** [②]**»** دېگەندە، ئۇلاردىن ھېچ بىر كىشى «ئاللاھ بىزنىڭ رەببىمىز ئەمەس، بىزنى ۋە زېمىن ـ ئاسمانلارنى ئۇ ياراتقان ئەمەس، ۋەياكى زېمىن ـ ئاسمانلارنى ئۇ باشقۇرۇۋاتقىنى يوق» دېگەندەك ئېتىرازلارنى بىلدۈرۈپ باقمىغان ئىدى.

ئۇلار يەنە ئاللاھنىڭ ئىلاھ ئىكەنلىكىنىمۇ ئىنكار قىلمايتتى. شۇڭا نۇھ ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ ئالدىغا: «مَا لَكُم مِّنْ إِلَٰهٍ غَيْرُهُ» **«سىلەر ئۈچۈن ئاللاھتىن باشقا ھېچبىر ئىلاھ يوق** [③]**»** دېيىش بىلەن ئۆز دەۋىتىنى سۇنغان ئىدى. ناۋادا ئۇلار ئاللاھنىڭ ئىلاھ ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلىدىغانلاردىن بولغان بولسا ئىدى، نۇھ ئەلەيھىسسالام «اِتخذُوا اللهَ اِلاهاً» **«ئاللاھنى ئۆزۈڭلارغا ئىلاھ قىلىڭلار»** دېگەن سۆزلەر بىلەن دەۋەت قىلغان بولاتتى.

ئەمدى بۇ يەردە «ئۇنداقتا نۇھ ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا زادى قانداق خاراكتېردىكى ئىختىلاپ بار ئىدى؟» دېگەن سوئال پەيدا

① سۈرە نۇھ 10 ـ ئايەت
② سۈرە نۇھ 15 ـ، 16 ـ، 17 ـ، ئايەت
③ سۈرە مۆئمىنۇن، 23 ـ ئايەت

بولىدۇ. بۇ ھەقتە قۇرئان كەرىمدىن ئىزدىنىدىغان بولساق، مۇنداق ئىككى مەسىلىنى بايقايمىز.

بىرىنچىسى، نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ تەلىماتى «سىلەر ئۆزۈڭلارمۇ ئالەملەرنىڭ رەببى دەپ ئېتىراپ قىلىدىغان، سىلەرنى ۋە پۈتۈن كائىناتنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەنلىكىگە قايىل بولىدىغان ھەمدە سىلەرنىڭ پۈتۈن ئېھتىياجلىرىڭلارغا كېپىل بولىدىغان ئاشۇ ئاللاھ تائالا سىلەرنىڭ تەنھا ئىلاھىڭلاردۇر. ئۇنىڭدىن باشقا ئىككىنچى بىرسى ھەرگىز ئىلاھ بولالمايدۇ. سىلەرنىڭ ھاجىتىڭلارنى راۋا قىلىدىغان، مۇشكۈللىرىڭلارنى ئاسان قىلىدىغان، دۇئالىرىڭلارنى ئاڭلاپ، سىلەرگە ياردەم قىلىدىغان دەل ئاشۇ يېگانە ئاللاھتۇر. شۇڭا سىلەر پەقەت ئۇنىڭ ئالدىدىلا ئىتائەتكە باش ئېگىشىڭلار لازىم» دېگەنلەردىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇ ئۆز قەۋمىگە: «يَاقَوْمِ اعْبُدُوا اللَّهَ مَا لَكُمْ مِنْ إِلَهٍ غَيْرُهُ.. وَلَكِنِّي رَسُولٌ مِنْ رَبِّ الْعَالَمِينَ. أُبَلِّغُكُمْ رِسَالَاتِ رَبِّي» **«ئى قەۋمىم! ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىڭلار، سىلەرنىڭ ئۇنىڭدىن باشقا ھېچبىر ئىلاھىڭلار يوقتۇر... مەن ئالەملەرنىڭ رەببى تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرمەن، سىلەرگە ئۆز رەببىمنىڭ پوليورۇقلىرىنى يەتكۈزىمەن» دەپ خىتاب قىلغان ئىدى. ئەمما ئۇلار دەل بۇ تەلىماتنىڭ ئەكسىچە، «ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئەلۋەتتە ئاللاھ تائالادۇر، لېكىن باشقىلارمۇ ئاللاھنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا ئاز – تولا ئارىلىشالايدۇ. ئېھتىياجلىرىمىزنىڭ قاندۇرۇلۇشى ئۇلارغىمۇ مۇناسىۋەتلىك. شۇڭا بىز ئاللاھ بىلەن بىرلىكتە باشقىلارنىمۇ «ئىلاھ» قىلىمىز»** دېيىشەتتى.

«وَقَالُوا لَا تَذَرُنَّ آلِهَتَكُمْ وَلَا تَذَرُنَّ وَدًّا وَلَا سُوَاعًا وَلَا يَغُوثَ وَيَعُوقَ وَنَسْرًا»
**«ئۇلارنىڭ سەردارلىرى ۋە پېشۋالىرى ‹ئى خالايىق! ئۆز ئىلاھىڭلارنى ھەرگىز تەرك ئەتمەڭلار، ۋەددنى، سۇۋائنى، يەغۇسنى، يەئۇقنى ۋە نەسرىنى ھەرگىز تەرك ئەتمەڭلار› دېيىشتى.»**

ئىككىنچىسى، ئۇلار ئاللاھنى پەقەت «ياراتقۇچى، زېمىن ـ ئاسمانلارنىڭ خوجايىنى، كائىناتنىڭ باشقۇرغۇچىسى» دېگەن مەنىدىنلا رەب دەپ ئېتىراپ قىلاتتى. ئەمما «ئەخلاق، مەدەنىيەت، جەمئىيەت ۋە سىياسەت قاتارلىق پۈتۈن ئەمەلىي تۇرمۇش مەسىلىلىرىدە ئاللاھ تائالا ئالىي ھۆكۈمران، رەھنىما، يېتەكلىگۈچى ۋە قانۇنچىدۇر، چەكلەش ھەم يولغا قويۇش ھوقۇقىغا ساھىپتۇر. شۇڭا ئىتائەت پەقەت ئاشۇ ئاللاھقىلا مەخسۇس بولۇشى لازىم» دېگەنگە ئۇنىمايتتى. بۇ بارلىق ئىشلاردا ئۇلار ئۆز سەردار، كاتتىۋاشلىرىنى ۋە دىنىي پېشۋالىرىنى رەب قىلىۋالاتتى. نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇلارغا قويغان تەلىپى بولسا، دەل شۇنىڭ ئەكسىچە، «رۇبۇبىيەتنى، يەنى خۇدالىقنى پارچە ـ پارچە قىلىۋالماڭلار، ‹رەب›نىڭ پۈتۈن مەنە، ئۇقۇملىرى بويىچە پەقەت ئاشۇ يېگانە ئاللاھنىلا ئۆزۈڭلارنىڭ رەببى بىلىڭلار. مەن ئۇنىڭ ۋەكىلى بولۇش سالاھىيىتىم بىلەن سىلەرگە يەتكۈزگەن قانۇن ئەھكاملارغا ئەگىشىڭلار» دېگەندىن ئىبارەت بولۇپ، نۇھ ئەلەيھىسسالام ئۆز خىتابىدا: «إِنِّي لَكُمْ رَسُولٌ أَمِينٌ. فَاتَّقُوا اللَّهَ وَأَطِيعُونِ» **«ھەقىقەتەن سىلەرگە نىسبەتەن ئاللاھنىڭ ھۆتىۋەر پەيغەمبىرىمەن. شۇڭا سىلەر ئاللاھتىن قورقۇڭلار ۋە ماڭا ئىتائەت قىلىڭلار[1]»** دېگەن ئىدى.

---

[1] سۈرە شۇئەرا، 107 ـ ۋە 108 ـ ئايەت

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇر كىتابلىرىنىڭ ئادرېسى

## ئاد قەۋمى

نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىدىن كېيىن قۇرئاندا تىلغا ئېلىنغان ئىككىنچى قەۋم ئاد قەۋمى بولۇپ، ئۇلارمۇ ئاللاھنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئىنكار قىلمايتتى. ئاللاھنىڭ ئىلاھ ئىكەنلىكىنىمۇ رەت قىلمايتتى. نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى قانداق مەنىدىن ئاللاھنى ئۆزىنىڭ رەببى دەپ بىلگەن بولسا، ئۇلارمۇ شۇنداق مەنىدىن ئاللاھنى ئۆزىگە رەب بىلەتتى. ئوتتۇرىدىكى ئىختىلاپنىڭ سەۋەبلىرىمۇ خۇددى نۇھ قەۋمى ھەققىدە ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزگە ئوخشاشلا دەل ئاشۇ ئىككى مەسىلە ئۈستىدە ئىدى. قۇرئان كەرىم بۇ نۇقتىنى تۆۋەندىكى ئايەتلەر بىلەن ئايدىڭلاشتۇرۇپ بېرىدۇ.

«وَإِلَى عَادٍ أَخَاهُمْ هُودًا قَالَ يَاقَوْمِ اعْبُدُوا اللَّهَ مَا لَكُمْ مِنْ إِلَهٍ غَيْرُهُ... قَالُوا أَجِئْتَنَا لِنَعْبُدَ اللَّهَ وَحْدَهُ وَنَذَرَ مَا كَانَ يَعْبُدُ ءَابَاؤُنَا»

**«ئاد (قەۋمى) قا ئۇلارنىڭ قېرىندىشى ھۇدنى ئەۋەتتۇق، ھۇد: ‹ئى قەۋمىم! ئاللاھقا ئىبادەت قىلىڭلار، سىلەرگە ئاللاھتىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر...› دېدى. ئۇلار: ‹سەن بىزنى ئاتا ــ بوۋىلىرىمىز ئىبادەت قىلىپ كېلىۋاتقان مەبۇدلارنى تاشلاپ، يالغۇز بىر ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشقا دەۋەت قىلغىلى كەلدىڭمۇ؟› دەپ جاۋاب بېرىشتى»** (سۈرە ئەئراف 65 ـ 71 ـ ئايەت)

«قَالُوا لَوْ شَاءَ رَبُّنَا لَأَنْزَلَ مَلَائِكَةً»

**«ئۇلار ‹ئەگەر رەببىمىز خالىسا، چوقۇم پەرىشتىلەرنى چۈشۈرگەن بولاتتى› دېيىشتى»** (سۈرە فۇسسىلەت 14 ـ ئايەت)

«وَتِلْكَ عَادٌ جَحَدُواْ بِآيَاتِ رَبِّهِمْ وَعَصَوْاْ رُسُلَهُ وَاتَّبَعُواْ أَمْرَ كُلِّ جَبَّارٍ عَنِيدٍ»

**«ئەنە شۇ ئاد قەۋمى رەببىنىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلدى، ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرىگە ئاسىيلىق قىلدى، ھەربىر ئۇچىغا چىققان تەرسا، شەپقەتسىزلەرنىڭ بۇيرۇقىغا ئەگەشتى.»** (سۈرە ھۇد 59 ــ ئايەت)

## سەمۇد قەۋمى

ئەمدى سەمۇد قەۋمىگىمۇ قاراپ باقايلى. ئۇلار ئاد قەۋمىدىن كېيىنكى ھەممىدىن چوڭ ئاسىي قەۋم بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئازغۇنلۇقىمۇ، نۇھ ئەلەيھىسسالام قەۋمىنىڭ ۋە ئاد قەۋمىنىڭ يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئازغۇنلۇقىغا ئوخشايتتى. ئۇلارمۇ ئاللاھنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى، ئىلاھ ۋە رەب ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلمايتتى. ئۇلارمۇ ئاللاھقا ئىبادەت قىلاتتى. ئۇلارنىڭ ئىنكار قىلىدىغىنى، «ئەنە شۇ ئاللاھلا يېگانە ئىلاھتۇر، پەقەت بىرلا ئاللاھ ئىبادەتكە ھەقلىقتۇر. رۇبۇبىيەت، يەنى پەرۋەردىگارلىق پۈتۈن مەنە، ئۇقۇملىرى نۇقتىسىدىن يالغۇز ئاشۇ ئاللاھقىلا خاستۇر» دېگەنلەردىن ئىبارەت ئىدى. ئۇلارمۇ ئاللاھتىن باشقىنى پەرىيادلارنى ئاڭلىغۇچى، ھاجەتنى راۋا قىلغۇچى، مۇشكۈلنى ئاسان قىلغۇچى دەپ چىڭ تۇرىۋالاتتى. ئۆزىنىڭ ئەخلاق، مەدەنىيەت، ئەمەلىي تۇرمۇش مەسىلىلىرىدە ئاللاھنى قويۇپ، سەردار، پېشۋالىرىغا ئىتائەت قىلاتتى. ئۆز ھاياتى ئۈچۈن شۇلاردىن قانۇن ئېلىشتا مەھكەم تۇراتتى. دەل مانا بۇ ئىش ئاخىرى بۇ قەۋمنىڭ ئازابقا مۇپتىلا بولۇپ، ھالاكەتكە يېتىشىغا سەۋەب بولغان ئىدى. بۇ نۇقتىنى تۆۋەندىكى ئايەتلەر ئېنىق ئايدىڭلاشتۇرۇپ بېرىدۇ.

www.uyghurkitap.com

«فَإِنْ أَعْرَضُوا فَقُلْ أَنذَرْتُكُمْ صَاعِقَةً مِّثْلَ صَاعِقَةِ عَادٍ وَثَمُودَ. إِذْ جَاءَتْهُمُ الرُّسُلُ مِن بَيْنِ أَيْدِيهِمْ وَمِنْ خَلْفِهِمْ أَلَّا تَعْبُدُوا إِلَّا اللَّهَ قَالُوا لَوْ شَاءَ رَبُّنَا لَأَنزَلَ مَلَائِكَةً فَإِنَّا بِمَا أُرْسِلْتُم بِهِ كَافِرُونَ»

«ئى مۇھەممەد! ئەگەر ئۇلار ساڭا ئەگىشىشتىن يۈز ئۆرۈسە، ئۇلارغا ئېيتىپ قويغىنكى، ‹مەن سىلەرنى ئاد ۋە سەمۇد قەۋملىرىنىڭ بېشىغا كەلگەن ئازابقا ئوخشاش ھالاكەتلىك ئازابتىن ئاگاھلاندۇرىمەن.› ئۆز ۋاقتىدا ئۇلارغا ئالدى ـ كەينىدىن پەيغەمبەرلەر كېلىپ، ‹بىر ئاللاھتىن باشقىغا بەندىچىلىك قىلماڭلار!› دېسە، ئۇلار: ‹ئەگەر رەببىمىز خالىسا، چوقۇم پەرىشتىلەرنى چۈشۈرگەن بولاتتى، شۇڭا بىز سىلەرنىڭ ئېلىپ كەلگەنلىرىڭلارغا ئىشەنمەيمىز› دېيىشتى» (سۈرە فۇسسىلەت 13 ـ 14 ـ ئايەت)

«وَإِلَى ثَمُودَ أَخَاهُمْ صَالِحًا قَالَ يَا قَوْمِ اعْبُدُواْ اللّهَ مَا لَكُم مِّنْ إِلَـهٍ غَيْرُهُ... قَالُواْ يَا صَالِحُ قَدْ كُنتَ فِينَا مَرْجُوًّا قَبْلَ هَذَا أَتَنْهَانَا أَن نَّعْبُدَ مَا يَعْبُدُ آبَاؤُنَا»

«سەمۇدقا ئۇلارنىڭ قېرىندىشى سالىھنى (پەيغەمبەر قىلىپ) ئەۋەتتۇق، ئۇ: ‹ئى قەۋمىم! ئاللاھقا ئىبادەت قىلىڭلار، سىلەرگە ئاللاھتىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر...› دېدى. ئۇلار: ‹ئى سالىھ! بۇنىڭدىن بۇرۇن ئارىمىزدا ئۈمىدىمىز ساڭا باغلانغان ئادەم ئىدىڭ، (ئەمدى سەن) بىزنى ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز چوقۇنۇپ كەلگەن مەبۇدلارغا ئىبادەت قىلىشتىن توسامسەن؟› دېيىشتى.» (سۈرە ھۇد 61 ـ 62 ـ ئايەت)

«إِذْ قَالَ لَهُمْ أَخُوهُمْ صَالِحٌ أَلَا تَتَّقُونَ. إِنِّي لَكُمْ رَسُولٌ أَمِينٌ. فَاتَّقُوا اللَّهَ وَأَطِيعُونِ... وَلَا تُطِيعُوا أَمْرَ الْمُسْرِفِينَ. الَّذِينَ يُفْسِدُونَ فِي الْأَرْضِ وَلَا يُصْلِحُونَ»

«ئەسلاڭلاركى، ئۆز ۋاقتىدا ئۇلارغا قېرىندىشى سالىھ ئېيتتى: ‹ئەجەبا قورقمامسىلەر؟ مەن ھەقىقەتەن سىلەرگە سادىق پەيغەمبەرمەن. شۇڭا سىلەر ئاللاھتىن قورقۇڭلار، ماڭا ئىتائەت قىلىڭلار... زېمىندا بۇزغۇنچىلىق

**قىلدىغان، ئىسلاھ قىلمايدىغان ھەددىدىن ئاشقۇچى يولگەنسىزلەرنىڭ ئەمرىگە ئىتائەت قىلماڭلار› .»**[1]

## ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى ۋە نەمرۇد

بۇلارنىڭ ئارقىسىدىن نۆۋەت ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىگە كېلىدۇ. بۇ قەۋمنىڭ مەسىلىسى شۇنىڭ ئۈچۈن تېخىمۇ ئەھمىيەتلىككى، ئۇلارنىڭ پادىشاھى نەمرۇدقا قارىتا بىزدە ئومۇمەن «ئۇ ئاللاھنى ئىنكار قىلاتتى ۋە ئۆزى خۇدالىق دەۋاسى قىلاتتى» دېگەن خاتا چۈشەنچىلەر ساقلانماقتا. ۋەھالەنكى، نەمرۇدمۇ ئاللاھنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئېتىراپ قىلاتتى. ئاللاھنى ياراتقۇچى ۋە كائىناتنىڭ باشقۇرغۇچىسى دەپ ئەقىدە قىلاتتى. ئەمما ‹رەب›نىڭ يۇقىرىقى ئۈچىنچى، تۆتىنچى ۋە بەشىنچى خىل ئۇقۇملىرى نۇقتىسىدىن ئۆزىنىڭ رەبلىكىنى دەۋا قىلاتتى.

ئارىمىزدا يەنە «بۇ قەۋم ئاللاھنى پەقەتلا تونىمايتتى. ئاللاھنىڭ ئىلاھ ۋە رەب ئىكەنلىكىگە باشتىن ـ ئاخىر قەتئىي قايىل ئەمەس ئىدى» دېگەندەك خاتا چۈشەنچىلەرمۇ مەۋجۇد. ھالبۇكى، بۇ قەۋمنىڭ ئەھۋالىمۇ نۇھ، ئاد ۋە سەمۇد قەۋملىرىدىن ھېچ قانچە پەرقلەنمەيتتى. ئۇلارمۇ ئاللاھنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى، ئىلاھ ۋە رەب ئىكەنلىكىنى، زېمىن، ئاسمانلارنىڭ ياراتقۇچىسى شۇنداقلا پۈتۈن كائىناتنىڭ باشقۇرغۇچىسى ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلەتتى. ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشتىنمۇ باش تارتمايتتى. ئەمما ئۇلارنىڭ ئازغۇنلۇقى شۇ يەردىكى، ئۇلار رۇبۇبىيەتنىڭ بىرىنچى ۋە ئىككىنچى خىل

---

[1] سۈرە شۇئەرا 146 ـ ئايەتتىن 152 ـ ئايەتكە قەدەر.

ئۇقۇملىرى نۇقتىسىدىن، ئاسمان جىسىملىرىنى رۇبۇبىيەتكە ھەسسىدار دەپ قارايتتى. شۇڭا ئۇلار ئاللاھ بىلەن بىرلىكتە ئۇلارنىمۇ مەبۇد قىلىۋالغان ئىدى. رۇبۇبىيەتنىڭ ئۈچىنچى، تۆتىنچى ۋە بەشىنچى ئۇقۇملىرى نۇقتىسىدىن ئۆز پادىشاھلىرىنى رەب قىلىۋالاتتى. قۇرئان كەرىمنىڭ بۇ ھەقتىكى چۈشەندۈرۈشلىرى شۇ قەدەر ئوچۇقكى، ئەستايىدىل ئوقۇپ باققان ھەر قانداق ئادەم، ھازىرقىلارنىڭ نېمە ئۈچۈن ئەسلى مەسىلىنى چۈشىنەلمەي قالغانلىقىغا ھەيران قالماي تۇرالمايدۇ. قېنى ئالدى بىلەن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكتىن ئىلگىرى ھەقنى ئىزدەپ، قانداقلارچە ئەقىل تاپقانلىقى تەسۋىرلەنگەن ئاشۇ دەسلەپكى ۋەقەنى مۇلاھىزە قىلىپ باقايلى!

«فَلَمَّا جَنَّ عَلَيْهِ اللَّيْلُ رَأَى كَوْكَبًا قَالَ هَذَا رَبِّي فَلَمَّا أَفَلَ قَالَ لا أُحِبُّ الآفِلِينَ. فَلَمَّا رَأَى الْقَمَرَ بَازِغًا قَالَ هَذَا رَبِّي فَلَمَّا أَفَلَ قَالَ لَئِن لَّمْ يَهْدِنِي رَبِّي لأَكُونَنَّ مِنَ الْقَوْمِ الضَّالِّينَ. فَلَمَّا رَأَى الشَّمْسَ بَازِغَةً قَالَ هَذَا رَبِّي هَذَآ أَكْبَرُ فَلَمَّا أَفَلَتْ قَالَ يَا قَوْمِ إِنِّي بَرِيءٌ مِّمَّا تُشْرِكُونَ. إِنِّي وَجَّهْتُ وَجْهِيَ لِلَّذِي فَطَرَ السَّمَاوَاتِ وَالأَرْضَ حَنِيفًا وَمَا أَنَاْ مِنَ الْمُشْرِكِينَ»

**«ئىبراھىم كېچىنىڭ قاراڭغۇلۇقى باسقاندا بىر يۇلتۇزنى كۆرۈپ: «بۇ مېنىڭ رەببىمدۇر» دېدى. ئەمما يۇلتۇز پېتىپ كېتىۋىدى، ئۇ: «مەن پېتىپ كەتكۈچىلەرنى ياقتۇرمايمەن» دېدى. ئاندىن ئاينىڭ چاقناپ تۇرغانلىقىنى كۆرگەندە: «بۇ مېنىڭ رەببىمدۇر» دېدى. ئاي پېتىپ كېتىۋىدى، «ئەگەر رەببىم ماڭا يېتەكچىلىك قىلمىغان بولسا، مەن چوقۇم ئازغۇن قەۋمنىڭ قاتارىدا بولىدىكەنمەن» دېدى. ئاندىن قۇياشنىڭ چىقىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ: «بۇ مېنىڭ رەببىمدۇر، بۇ ھەممىدىن چوڭدۇر» دېدى. قۇياش پېتىپ**

**كېتىۋىدى، ئۇ ئېيتتىكى: «ئى قەۋمىم! سىلەرنىڭ ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرگەن نەرسىلىرىڭلار بىلەن ھېچقانداق ئالاقەم يوق. مەن بولسام، ھەممىدىن يۈز ئۆرۈپ، ئاسمانلارنى، زېمىننى ياراتقان زاتقا يۈزلەندىم، ھەرگىزمۇ مۇشرىكلاردىن ئەمەسمەن.»**[①]

يۇقىرىقى ئاستىغا سىزىق سىزىلغان سۆزلەردىن شۇنى ئېنىق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇكى، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام دۇنياغا كۆز ئاچقان ئاشۇ ئىجتىمائىي جەمئىيەتتە، زېمىن، ئاسمانلارنىڭ ياراتقۇچىسىغا ۋە ئۇنىڭ رۇبۇبىيىتىگە بولغان تەسەۋۋۇر ئاسمان جىسىملىرى، يەنى، سەييارە، پىلانېتلارنىڭ رۇبۇبىيىتىگە بولغان تەسەۋۋۇردىن ئايرىم مەۋجۇد ئىدى. چۈنكى ئۇلار نۇھ ئەلەيھىسسالامغا ئىمان كەلتۈرگەن قەدىمكى مۇسۇلمانلارنىڭ نەسلىدىن بولۇپ، ئۇلارنىڭ يېقىن ئېرىقداشلىرى بولغان، ئاد ۋە سەمۇد قەۋملىرىدىن ئىبارەت قوشنىلىرىغىمۇ خۇددى ئايەتتە «جَاءَتْهُمُ الرُّسُلُ مِن بَيْنِ أَيْدِيهِمْ وَمِنْ خَلْفِهِمْ» **«ئۇلارغا ئالدى- كەينىدىن پەيغەمبەرلەر كېلىپ»** دېيىلگىنىگە ئوخشاش، ئارقا ـ ئارقىدىن پەيغەمبەرلەر كېلىپ، ئىسلامىيەتكە يېڭى ھاياتىي كۈچ بېرىپ كەلگەن ئىدى. شۇڭا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالاممۇ ئاللاھنىڭ «فَطَرَ السَّمَاوَاتِ وَالأَرْضَ» **«ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ياراتقان»**لىق تەسەۋۋۇرىنى ئاللىبۇرۇن ئۆز ئىجتىمائىي جەمئىيىتىدىن ھاسىل قىلىپ بولغان ئىدى. ئەمما ئۇنىڭ ئىدىيىسىگە تاقىلىدىغان مەسىلە، ئۆز قەۋمىنىڭ تەسەۋۋۇرىدا ساقلىنىۋاتقان ئاشۇ ئاي، قۇياش، يۇلتۇز ۋە باشقا سەييارىلەرنى ئاللاھنىڭ رۇبۇبىيەت تۈزۈمىگە شېرىك قىلىۋېلىش ۋە شۇنىڭغا بىنائەن ئۇلارنىمۇ

[①] سۇرە ئەنئام 76 ـ ئايەتتىن 79 ـ ئايەتكە قەدەر.

www.uyghurkitap.com



ئىبادەتتە ئاللاھقا قوشۇۋېلىش قاتارلىق قاراشلارنىڭ زادى قانچىلىك ھەق ياكى ئەمەسلىكىدىن ئىبارەت ئىدى. شۇڭلاشقا پەيغەمبەرلىك كېلىشتىن ئىلگىرىلا بۇ مەسىلە ئۈستىدە ئىزدىنىپ، ئاشۇ ئاسمان جىسىملىرىنىڭ چاقناپ چىقىشى ۋە پېتىپ كېتىشىدىن ئىبارەت ئەمەلىي ۋەقەنى كۆزەتكەنلىكى ئاللاھنىڭ «فَطَرَ السَّمَاوَاتِ وَالأَرْضَ» **«ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ياراتقان»**لىقىغا ھەمدە ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ بىر رەبنىڭ يوقلۇقىغا دەلىل بولىنى ئاچقان ئىدى. مانا شۇنىڭغا ئاساسەن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئاينىڭ پېتىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرگەندە، «مېنىڭ رەببىم، يەنى ئاللاھىم مېنى يېتەكلىمىسە، مېنىڭمۇ ھەقنى تونۇپ يېتەلمەي قېلىش ۋە ئەتراپىمدىكى يوْز مىڭلىغان ئىنسانلارغا ئوخشاش بۇ تاشقى كۆرۈنۈشلەردىن ئالدىنىپ قېلىشتەك خەۋپلىك ئېھتىمالىم مەۋجۇد ئىكەن» دېگەن ئىدى[①].

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەرلىككە سازاۋەر بولغاندىن كېيىن ئۆز قەۋمىنى ئاللاھ تەرەپكە چاقىرىشتا قانداق سۆزلەر بىلەن دەۋەتنى باشلىغانلىقى ئۈستىدە تەپەككۇر قىلىدىغان بولساق، بىز يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكەن بۇ مەسىلە تېخىمۇ ئوچۇق ئايدىڭلىشىدۇ.

«وَكَيْفَ أَخَافُ مَا أَشْرَكْتُمْ وَلاَ تَخَافُونَ أَنَّكُمْ أَشْرَكْتُم بِاللَّهِ مَا لَمْ يُنَزِّلْ بِهِ عَلَيْكُمْ سُلْطَانًا»

---

[①] بۇ يەردە شۇنىمۇ تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە بولىدۇكى، يېقىنقى دەۋردە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ يۇرتى «ئۇر»نى قېدىرىپ تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە، ئاشۇ يۇرت خەلقىنىڭ ئەينى چاغدا ئاي ئىلاھىغا چوقۇنغانلىقى ۋە ئۇلارنىڭ تىلىدا ئاي ئىلاھىنىڭ «نەننار» دەپ ئاتىلىدىغانلىقى، ھەمدە «لەرسە»نى مەركەز قىلغان شۇلارغا خوشنا رايون خەلقلىرىنىڭ قوياشقا ئىبادەت قىلغانلىقى، ئۇلارنىڭ تىلىدا قوياش ئىلاھى «شۇماش» دەپ ئاتىلىدىغانلىقى، ئۇلارنىڭ پادىشاھى بولسا، «ئەرنەممۇ» دەپ ئاتىلىدىغانلىقى، بۇ ئىسىم ئەرەب تىلىغا كۆچكەندە «نەمرۇد» بولۇپ ئۆزگەرگەنلىكى، مانا شۇ ئىسىمگە بىنائەن شۇ رايوندا پادىشاھ بولغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسى «نەمرۇد» دېگەن لەقەم بىلەن ئاتىلىدىغانلىقى مەلۇم بولغان. بۇ خۇددى «نىزامۇلمۇلۈك»نىڭ تەخت ۋارىسى «نىزام» دەپ ئاتالغانغا ئوخشايدۇ.

«مەن سىلەرنىڭ ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرگەن نەرسىلىرىڭلاردىن قانداقسىگە قورقۇدەكمەن؟ ۋەھالەنكى سىلەر، ئاللاھنىڭ رۇبۇبىيەتتە شېرىكى بولۇش ھەققىدە ئاللاھ سىلەرگە ھېچقانداق دەلىل چۈشۈرمىگەن نەرسىلەرنى ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈشتىن قورقمايۋاتساڭلار.»[1]

«وَأَعْتَزِلُكُمْ وَمَا تَدْعُونَ مِن دُونِ اللَّهِ»

«سىلەر ئاللاھنى قويۇپ دۇئا تەلەپ قىلىۋاتقان ھەممە نەرسىدىن قول ئۈزىمەن.» (سۈرە مەريەم 48 ـ ئايەت)

«قَالَ بَل رَّبُّكُمْ رَبُّ السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ الَّذِي فَطَرَهُنَّ... قَالَ أَفَتَعْبُدُونَ مِن دُونِ اللَّهِ مَا لَا يَنفَعُكُمْ شَيْئًا وَلَا يَضُرُّكُمْ»

«بەلكى، ئەمەلىيەتتە سىلەرنىڭ رەببىڭلار ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ رەببىدۇر، ئۇلارنى ئۇ ياراتقان. سىلەر ئاللاھنى قويۇپ سىلەرگە ھېچبىر پايدا ـ زىيان يەتكۈزەلمەيدىغان نەرسىلەرگە چوقۇنامسىلەر.»[2]

«إِذْ قَالَ لِأَبِيهِ وَقَوْمِهِ مَاذَا تَعْبُدُونَ. أَئِفْكًا آلِهَةً دُونَ اللَّهِ تُرِيدُونَ. فَمَا ظَنُّكُم بِرَبِّ الْعَالَمِينَ»

«ئۆز ۋاقتىدا ئۇ ئاتىسى (ئازەر) غا ۋە ئۆز قەۋمى كىشىلىرىگە، ‹سىلەر نېمىگە ئىبادەت قىلىۋاتىسىلەر؟ سىلەر ئاللاھنى قويۇپ ئۆزۈڭلارنىڭ يالغان ئويدۇرما ئىلاھلىرىڭلارغا بەندىچىلىك قىلىشنى ئىرادە قىلىۋاتامسىلەر؟ ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھقا نىسبەتەن زادى نېمە گۇماندا بولۇپ يۈرۈۋاتىسىلەر؟› دېدى» (سۈرە ساففات 85 ـ 87 ـ ئايەت)

[1] سۈرە ئەنئام 81 ـ ئايەت.
[2] سۈرە ئەنبىيا 56 ـ ۋە 66 ـ ئايەت.

www.uyghurkitap.com

«إِنَّا بُرَآءُ مِنكُمْ وَمِمَّا تَعْبُدُونَ مِن دُونِ اللَّهِ كَفَرْنَا بِكُمْ وَبَدَا بَيْنَنَا وَبَيْنَكُمُ الْعَدَاوَةُ وَالْبَغْضَاءُ أَبَدًا حَتَّىٰ تُؤْمِنُوا بِاللَّهِ وَحْدَهُ»

**«ھەقىقەتەن سىلەردىن ۋە سىلەر ئاللاھنى قويۇپ ئىبادەت قىلىۋاتقان نەرسىلەردىن بىز ئادا- جۇدامىز، بىزنىڭ ئارىمىزدىكى ئاداۋەت ۋە ئۆچمەنلىك تاكى سىلەر يالغۇز بىر ئاللاھقا ئىمان ئېيتقانغا قەدەر ئەبەدىي ساقلىنىپ قالىدۇ.»**[1]

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ مانا بۇ بارلىق سۆزلىرىگە قارايدىغان بولساق، شۇنى ئېنىق بىلىۋالالايمىزكى، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام خىتاب قىلىۋاتقان كىشىلەر قانداقتۇر ئاللاھنى پۈتۈنلەي تونۇمايدىغان ۋە ئۇنىڭ ئالەملەرنىڭ رەببى ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلىدىغان دىنسىز كىشىلەر ئەمەس ئىدى. بەلكى ئۇلار ئاللاھقا ئىشىنىش بىلەن بىرگە رۇبۇبىيەتنىڭ بىرىنچى ۋە ئىككىنچى خىل ئۇقۇملىرى نۇقتىسىدىن ئىلاھلىقتا باشقىلارنىمۇ ئاللاھقا شېرىك قىلىۋالاتتى. شۇڭا پۈتۈن قۇرئان كەرىمنىڭ ھېچ بىر يېرىدە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆز قەۋمىنى ئاللاھ تائالانىڭ مەۋجۇتلۇقىغا ۋە ئۇنىڭ ئىلاھ ھەم رەب ئىكەنلىكىگە قايىل قىلىش ئۈچۈن قىلغان بىرەر ئېغىز سۆزى خاتىرىلەنگەن ئەمەس. بەلكى ھەممىلا يەردە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ «پەقەت ئاللاھ تائالالا ئىلاھ ۋە رەبتۇر» دەپ چاقىرىق قىلغانلىقى خاتىرىلەنگەن.

ئەمدى نەمرۇدنىڭ مەسىلىسىگە كەلسەك، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇنىڭ بىلەن قىلىشقان سۆزى قۇرئان كەرىمدە مۇنداق نەقىل قىلىنغان.

[1] سۈرە مۆمتەھىنە 4 ـ ئايەت.

«أَلَمْ تَرَ إِلَى الَّذِي حَآجَّ إِبْرَاهِيمَ فِي رِبِّهِ أَنْ آتَاهُ اللّهُ الْمُلْكَ إِذْ قَالَ إِبْرَاهِيمُ رَبِّيَ الَّذِي يُحْيِي وَيُمِيتُ قَالَ أَنَا أُحْيِي وَأُمِيتُ قَالَ إِبْرَاهِيمُ فَإِنَّ اللّهَ يَأْتِي بِالشَّمْسِ مِنَ الْمَشْرِقِ فَأْتِ بِهَا مِنَ الْمَغْرِبِ فَبُهِتَ الَّذِي كَفَرَ»

**«ئەجەبا سەن ئىبراھىم بىلەن جېدەللەشكەن كىشىنىڭ ھالىنى ئويلىنىپ باقتىڭمۇ؟ ئۇنىڭ جېدىلى ئىبراھىمنىڭ پەرۋەردىگارىنىڭ كىملىكى توغرىسىدا ئىدى. بۇ پەقەت ئاللاھنىڭ ئۇنى پادىشاھ قىلىپ قويغانلىقىدىن ئىدى. ئەينى چاغدا ئىبراھىم: ‹مېنىڭ پەرۋەردىگارىم شۇنداق زاتتۇركى، ئۆلۈم بىلەن ھاياتلىق ئۇنىڭلا ئىختىيارلىقىدا› دېگەندە، ئۇ: «ئۆلۈم بىلەن ھاياتلىق مېنىڭمۇ ئىختىيارلىقىمدىدۇر» دەپ جاۋاب بەردى. ئىبراھىم ‹ھەقىقەت شۇكى، ئاللاھ قوياشنى شەرقتىن چىقىرىدۇ، قېنى سەن ئۇنى غەربتىن چىقىرىپ باققىن› دېدى. بۇنى ئاڭلاپ ئۇ كاپىر ھاڭۋاققىنىچە ئېغىز ئاچالماي قالدى.»**[1]

بۇ سۆھبەتتە شۇ نەرسە ئېنىق ئىپادىلىنىدۇكى، ئەسلىدىكى جېدەل ئاللاھنىڭ مەۋجۇتلۇقى ياكى مەۋجۇد ئەمەسلىكى ھەققىدە ئەمەس، بەلكى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆزىگە نىسبەتەن زادى كىمنى رەب دەپ ئېتىراپ قىلىدىغانلىقى ئۈستىدە ئىدى. نەمرۇد ئاللاھنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئېتىراپ قىلىدىغان قەۋم ئىچىدىن بولغاچقا، تاكى پۈتۈنلەي ئەقلىدىن ئېزىپ ئاشكارا ساراڭ بولمىغۇچە، ئۇ ھەرگىزمۇ «مەن زېمىن، ئاسمانلارنىڭ ياراتقۇچىسى، قوياش ۋە ئاينى ھەرىكەتكە سالغۇچى» دەپ ئەخمەقلەرچە داۋانى قىلالمايتتى. دېمەك، ئۇنىڭ قىلغان دەۋاسى «مەن زېمىن، ئاسمانلارنىڭ

[1] سۈرە بەقەرە 258 ـ ئايەت.

رەببى» دېيىش ئەمەس، بەلكى پەقەتلا «مەن مۇشۇ دۆلەتنىڭ رەببى، ئىبراھىممۇ مېنىڭ پۇقرالىرىمنىڭ بىرسى» دېگەندىن ئىبارەت ئىدى. ئۇنىڭ رەبلىك دەۋاسىمۇ رۇبۇبىيەتنىڭ بىرىنچى ۋە ئىككىنچى خىل ئۇقۇملىرى نۇقتىسىدىن ئەمەس ئىدى. چۈنكى بۇ نۇقتىدا ئۇ ئاي، قۇياش ۋە باشقا سەييارىلەرنىڭ رۇبۇبىيىتىگە قايىل ئىدى. ئەمما ئۈچىنچى، تۆتىنچى ۋە بەشىنچى خىل ئۇقۇملىرى نۇقتىسىدىن ئۆزىنى مەملىكەتنىڭ رەببى دەپ قارايتتى. يەنى، ئۇنىڭ قىلىۋاتقان دەۋاسى، «مەن بۇ دۆلەتنىڭ خوجايىنى، ئۇنىڭدىكى پۈتۈن پۇقرالار مېنىڭ بەندىلىرىم. مېنىڭ مەركىزى ھۆكۈمرانلىقىم جەمئىيەتنىڭ ئاساسىي بولۇشى لازىم. مېنىڭ يارلىق، پەرمانلىرىم قانۇن بولۇشى لازىم» دېگەنلەردىن ئىبارەت ئىدى. ئايەتتىكى «أَنْ آتَاهُ اللَّهُ الْمُلْكَ» **«ئاللاھ ئۇنى پادىشاھ قىلىپ قويغاچقىلا»** دېگەن سۆز ماھىيەتتە ئۇنىڭ رەبلىك دەۋاسىنىڭ مەنبەسى دەل پادىشاھلىق مۇتەكەببىرلىكىدىن ئىبارەت ئىكەنلىكى تەرەپكە ئېنىق ئىشارەت قىلماقتا. نەمرۇد ئۆز پۇقرالىرى ئىچىدە ئىبراھىم ئاتلىق بىر ياش يىگىتنىڭ ئوتتۇرىغا چىققانلىقىنى، ئاي، قۇياش ۋە باشقا سەييارىلەرنىڭ تەبىئەتتىن تاشقىرى رۇبۇبىيىتىگە ئىشەنمەيدىغانلىقىنى ھەمدە دەۋر پادىشاھىنىڭمۇ مەدەنىيەت ۋە سىياسەت جەھەتتىكى رۇبۇبىيىتىنى قوبۇل قىلمايدىغانلىقىنى ئاڭلاپ قاتتىق ھەيران قالغان. شۇڭا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى چاقىرتىپ، «سەن زادى كىمنىڭ رەبلىكىنى قوبۇل قىلىسەن؟» دەپ سورىغان. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام دەسلىپىدە «ئۆلۈم ۋە ھاياتلىق قول ئىلكىدە بولغان زاتنى رەببىم دەپ بىلىمەن» دەپ جاۋاب بەرگەن. ئەمما نەمرۇد بۇ جاۋابنىڭ تەگتىگە

يېتەلمەي، «ئۆلۈم بىلەن ھاياتلىق مېنىڭمۇ ئىختىيارلىقىمدا بار. كىمنى خالىسام ئۆلتۈرەلەيمەن ۋە كىمنى خالىسام ھايات قالدۇرالايمەن» دېيىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ رۇبۇبىيىتىنى ئىسپاتلىماقچى بولغان. ئاندىن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «مەن پەقەت ئاللاھنىلا رەب دەپ تونۇيمەن، رۇبۇبىيەتنىڭ پۈتۈن ئۇقۇملىرى نۇقتىسىدىن يېگانە ئاللاھنىلا ئۆزۈمگە رەب دەپ بىلىمەن. قۇياشنىڭ چىقىشى ۋە پېتىشىغىمۇ تەسىر كۆرسىتەلمەيدىغان باشقىلارغا نىسبەتەن بۇ كائىناتنىڭ ئىنتىزام تەرتىپىدە قانداقمۇ رۇبۇبىيەتلىك ماقامى مەۋجۇد بولسۇن؟» دەپ جاۋاب بەرگەن.

نەمرۇد ئىنتايىن ئەقىللىق ئادەم بولغاچقا بۇ دەلىلنى ئاڭلاش بىلەن ھەقىقەتەنمۇ ئاللاھنىڭ بۇ سەلتەنەتىدە ئۆزىنىڭ رۇبۇبىيەتنى دەۋا قىلىپ يۈرۈشلىرى بىر خام خىيالدىن باشقا نەرسە ئەمەسلىكىدىن ئىبارەت ئەمەلىيەتنى دەرھال كۆرۈپ يەتكەن. شۇڭا ئۇنىڭ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ، جاۋاب قايتۇرالماستىن ھاڭۋېقىپ قاراپ قالغان. ئەمما نەپسانىيەتچىلىكى، شەخسىي ۋە خانىدانلىق خاھىشلىرىغا بەندىچىلىك قىلىشلىرى ئۇنى شۇ قەدەر چىرمىۋالغانكى، ھەتتا ھەقنى كۆرۈپ يەتكەندىن كېيىنمۇ ئۆزىنىڭ مۇستەقىل ھۆكۈمدارلىق مەرتىۋىسىدىن تۆۋەنگە چۈشۈپ، ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىغا ئىتائەت قىلىشنى خالىمىغان. دەل مۇشۇ سەۋەبتىن ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ سۆھبىتىنى نەقىل كەلتۈرۈپ ئارقىدىنلا: «وَاللّٰهُ لاَ يَهْدِي الْقَوْمَ الظَّالِمِينَ» **«ئاللاھ زالىملارغا ھىدايەتنىڭ يورۇقلۇقىنى ئاتا قىلمايدۇ»** دەيدۇ. چۈنكى ئاللاھ تائالانىڭ ھىدايەتكە تەلەپكار بولمىغان كىشىنى مەجبۇر ھىدايەتكە سۆرەيدىغان قائىدىسى يوق.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

## لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن بىزنىڭ كۆز ئالدىمىزغا لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى ئۇچرايدۇ. ئۇلارنى ئىسلاھ قىلىش ئۈچۈن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ جىيەنى لۇت ئەلەيھىسسالام ئەۋەتىلگەن بولۇپ، بۇ قەۋم ھەققىدە قۇرئان كەرىمدىن شۇنى بىلىپ يېتەلەيمىزكى، ئۇلارمۇ ئاللاھنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئىنكار قىلمايتتى ھەمدە ئاللاھنىڭ ياراتقۇچى ئىكەنلىكىنى، شۇنداقلا بىرىنچى ۋە ئىككىنچى خىل مەنىدىن رەب ئىكەنلىكىنىمۇ ئىنكار قىلمايتتى. ئەمما ئۇلار ئاللاھنىڭ ئۈچىنچى، تۆتىنچى ۋە بەشىنچى خىل مەنىدىن رەب ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىشنى ھەمدە پەيغەمبەرنى ئاللاھ تەرەپتىن بەلگىلەنگەن ۋەكىل سۈپىتىدە ئېتىراپ قىلىپ، ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا باش ئېگىشنى رەت قىلاتتى. ئۇلار ئۆز نەپسى خاھىشى بويىچە كۆڭلى تارتقانلا ئىشنى قىلىۋېرىشنى خالايتتى. ئۇلارنىڭ ئەسلى جىنايىتى دەل مۇشۇنىڭدىنلا ئىبارەت بولۇپ، شۇ ۋەجىدىن ئازابقا مۇپتىلا بولغان ئىدى. قۇرئان كەرىمنىڭ تۆۋەندىكى چۈشەندۈرۈشلىرى بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلايدۇ.

«إِذْ قَالَ لَهُمْ أَخُوهُمْ لُوطٌ أَلَا تَتَّقُونَ. إِنِّي لَكُمْ رَسُولٌ أَمِينٌ. فَاتَّقُوا اللَّهَ وَأَطِيعُونِ. وَمَا أَسْأَلُكُمْ عَلَيْهِ مِنْ أَجْرٍ إِنْ أَجْرِيَ إِلَّا عَلَى رَبِّ الْعَالَمِينَ. أَتَأْتُونَ الذُّكْرَانَ مِنَ الْعَالَمِينَ. وَتَذَرُونَ مَا خَلَقَ لَكُمْ رَبُّكُمْ مِنْ أَزْوَاجِكُم بَلْ أَنتُمْ قَوْمٌ عَادُونَ»

**«ئەسلەڭلەركى، ئۆز ۋاقتىدا ئۇلارغا قېرىندىشى لۇت ئېيتتى: ‹سىلەر قورقماسىلەر؟ مەن ھەققەتەن سىلەرگە سادىق پەيغەمبەرمەن. شۇڭا سىلەر ئاللاھتىن قورقۇڭلار، ماڭا ئىتائەت قىلىڭلار. مەن بۇ ئىشقا سىلەردىن**

**ھېچقانداق ھەق تەلەپ قىلمايمەن، ئۇنى پەقەت ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارىدىن تىلەيمەن. سىلەر ئەھلى جاھان ئىچىدىن لىۋاتە قىلىپ، پەرۋەردىگارىڭلار سىلەر ئۈچۈن ياراتقان ئاياللىرىڭلارنى تاشلاپ قويامسىلەر؟ سىلەر ھەقىقەتەن (بۇزۇقچىلىقتا) ھەددىدىن ئاشقۇچى قەۋمسىلەر».**[1]

كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، بۇنداق خىتاب چوقۇم ئاللاھنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى، ياراتقۇچى ھەم رەب ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلمايدىغان قەۋم ئۈچۈنلا قىلىنىدۇ. شۇڭا ئۇلارمۇ بۇنىڭغا جاۋابەن «ئاللاھ دېگەن زادى نېمە؟ ئۇ قانداقسىگە ياراتقۇچى بولۇپ قالدى؟ ئۇ زادى قەيەردىن بىزنىڭ پەرۋەردىگارىمىز بولۇپ قالدى؟» دېمەستىن، بەلكى «لَئِن لَّمْ تَنتَهِ يَا لُوطُ لَتَكُونَنَّ مِنَ الْمُخْرَجِينَ» **«ئى لۇت! ئەگەر بۇ ئىشلاردىن قايتمىساڭ، سەنمۇ چوقۇم سۈرگۈن قىلىنغانلار قاتارىدا بولۇپ قالىسەن»**[2] دېيىشكەن ئىدى. قۇرئان كەرىمنىڭ يەنە بىر يېرىدە بۇ ۋەقە مۇنداق بايان قىلىنغان:

«وَلُوطًا إِذْ قَالَ لِقَوْمِهِ إِنَّكُمْ لَتَأْتُونَ الْفَاحِشَةَ مَا سَبَقَكُم بِهَا مِنْ أَحَدٍ مِّنَ الْعَالَمِينَ. أَئِنَّكُمْ لَتَأْتُونَ الرِّجَالَ وَتَقْطَعُونَ السَّبِيلَ وَتَأْتُونَ فِي نَادِيكُمُ الْمُنكَرَ فَمَا كَانَ جَوَابَ قَوْمِهِ إِلَّا أَن قَالُوا ائْتِنَا بِعَذَابِ اللَّهِ إِن كُنتَ مِنَ الصَّادِقِينَ»

**«بىز لۇتنى ئەۋەتتۇق، ئەينى چاغدا ئۇ ئۆز قەۋمىگە: «سىلەر ھەقىقەتەن قەبىھ شەھۋانىي ئىشنى قىلىۋاتىسىلەر، سىلەردىن ئىلگىرى جاھان ئەھلىدىن بىرىمۇ مۇنداق قەبىھ ئىشنى قىلغان ئەمەس. ئەجەبا سىلەر پوخورلۇق قىلامسىلەر؟ يوللارنى توسۇپ بۇلاڭچىلىق قىلامسىلەر؟**

[1] سۈرە شۇئەرا 161 ــ 166 ــ ئايەتلەر.
[2] سۈرە شۇئەرا 167 ــ ئايەت

**سورۇنلىرىڭلاردا ئوپئوچۇق يامان ئىشلارنى قىلىۋېرەمسىلەر؟» دېدى. ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ جاۋابى: «ئەگەر سەن راستچىللاردىن بولساڭ بىزگە ئاللاھنىڭ ئازابىنى كەلتۈرگىن» دېيىشتىنلا ئىبارەت بولدى»** (سۈرە ئەنكەبۇت 28 ـ 29 ـ ئايەتلەر)

ئەجەبا ئاللاھنى ئىنكار قىلىدىغان قەۋم مۇشۇنداق جاۋاب قايتۇرارمۇ؟ دېمەك، ئۇلارنىڭ ئەسلى جىنايىتى ئاللاھنىڭ ئىلاھلىقىنى ۋە رەببلىكىنى ئىنكار قىلىش ئەمەس ئىدى، بەلكى ئۇلار تەبىئەتتىن تاشقىرى نۇقتىدىن ئاللاھنى «ئىلاھ» ۋە «رەب» دەپ ئېتىراپ قىلاتتى. ئەمما ئەخلاق، مەدەنىيەت ۋە ئىقتىساد جەھەتتە ئاللاھقا ئىتائەت قىلىشتىن، ئاللاھنىڭ قانۇنىغا رىئايە قىلىشتىن باش تارتاتتى ھەمدە يەنە ئاللاھنىڭ پەيغەمبەرلىرىگە ئەگىشىشنى خالىمايتتى.

## شۇئەيب ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى

قېنى ئەمدى مەديەن ئاھالىسى بىلەن «ئەسھابۇلئەيكە»نى كۆرۈپ بېقىڭلار. ئۇلارغا شۇئەيب ئەلەيھىسسالام ئەۋەتىلگەن بولۇپ، ھەممىمىزگە مەلۇمكى، ئۇلار ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋلادلىرى ئىدى. شۇڭا «ئۇلار ئاللاھنىڭ بارلىقى، ئىلاھلىقى ۋە رەببلىكىنى ئېتىراپ قىلامتى ياكى قىلمامتى؟» دەيدىغان مەسىلە قەتئىي مەۋجۇد ئەمەس. ئەسلىدە ئۇلارنىڭ مىللىي سالاھىيىتى باشلىنىشتا ئىسلام بىلەن باشلىنىپ، كېيىنكى چاغدا ئەقىدە ۋە ئەمەللىرىنىڭ بۇزۇلۇشىغا مۇپتىلا بولغان قەۋملەردىن ئىدى. بەلكى تېخى قۇرئان كەرىمدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئۇلار ئۆزلىرىنى «مۆئمىن» دەپ



ئۇيغۇر كىتاب تورى uyghurkitap.com

دەۋا قىلىشاتتى. شۇڭا شۇئەيب ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا «سىلەر راستتىنلا مۆئمىن بولساڭلار، مۇنداق مۇنداق ئىشنى قىلىشىڭلار لازىم» دەپ قايتا ـ قايتا تەكىتلىگەن ئىدى. قىسقىسى، شۇئەيب ئەلەيھىسسالامنىڭ پۈتۈن خىتابلىرىنى ۋە ئۇلارنىڭ بەرگەن جاۋابلىرىنى كۆزدىن كەچۈرىدىغان بولساق، ئۇلارنىڭ ئاللاھقا ئىشىنىدىغان، ئاللاھنىڭ مەبۇدلۇقى ۋە رەبلىكىنى ئېتىراپ قىلىدىغان قەۋم ئىكەنلىكىنى، ئەمما پەقەت ئىككى خىل ئازغۇنلۇقنىلا پاتقانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز. بىرىنچىسى، ئۇلار ئاللاھتىن باشقىلارنىمۇ تەبىئەتتىن تاشقىرى نۇقتىدىن «ئىلاھ» ۋە «رەب» دەپ چۈشىنىۋالغان ئىدى. شۇڭا ئۇلارنىڭ قىلغان ئىبادەتلىرى خالىس ئاللاھقىلا بولمايتتى. ئىككىنچىسى، ئۇلارنىڭ قارىشىچە ئاللاھنىڭ رەبلىكى ئىنسانلارنىڭ ئەخلاق، مەدەنىيەت، ئىقتىساد، جەمئىيەت ۋە سىياسەت قاتارلىق ئىشلىرى بىلەن كارى بولماسلىقى كېرەك ئىدى. شۇ ۋەجىدىن ئۇلار «بىز ماددىي ھاياتىمىزدا ئىشلىرىمىزنى ئۆزىمىز خالىغانچە قىلىدىغان پۈتۈنلەي مۇستەقىل ئادەملەرمىز» دېيىشەتتى. قۇرئان كەرىمنىڭ تۆۋەندىكى ئايەتلىرى بۇ بايانىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ:

«وَإِلَى مَدْيَنَ أَخَاهُمْ شُعَيْبًا قَالَ يَاقَوْمِ اعْبُدُوا اللَّهَ مَا لَكُمْ مِنْ إِلَهٍ غَيْرُهُ قَدْ جَاءَتْكُمْ بَيِّنَةٌ مِنْ رَبِّكُمْ فَأَوْفُوا الْكَيْلَ وَالْمِيزَانَ وَلَا تَبْخَسُوا النَّاسَ أَشْيَاءَهُمْ وَلَا تُفْسِدُوا فِي الْأَرْضِ بَعْدَ إِصْلَاحِهَا ذَلِكُمْ خَيْرٌ لَكُمْ إِنْ كُنْتُمْ مُؤْمِنِينَ... وَإِنْ كَانَ طَائِفَةٌ مِنْكُمْ ءَامَنُوا بِالَّذِي أُرْسِلْتُ بِهِ وَطَائِفَةٌ لَمْ يُؤْمِنُوا فَاصْبِرُوا حَتَّى يَحْكُمَ اللَّهُ بَيْنَنَا وَهُوَ خَيْرُ الْحَاكِمِينَ»

**«مەديەنلىكلەرگە ئۇلارنىڭ قېرىندىشى شۇئەيبنى ئەۋەتتۇق، ئۇ ئېيتتى: ‹ئى قەۋمىم! سىلەر ئاللاھقا بەندىچىلىك قىلىڭلار، سىلەرنىڭ ئۇنىڭدىن باشقا**

www.uyghurkitap.com

ھېچ قانداق ئىلاھىڭلار يوقتۇر، سىلەرگە پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ ئوچۇق يول - يورۇقلىرى كېلىپ بولدى. شۇڭا سىلەر ئۆلچەم، تارازىنى دۇرۇس قىلىڭلار، كىشىلەرنىڭ نەرسىلىرىنى كەم بەرمەڭلار، زېمىن ئىسلاھ قىلىنىپ بولغاندا يەنە پاسات تېرىماڭلار، ئەگەر مۆئمىن بولساڭلار ئەنە شۇ سىلەر ئۈچۈن ياخشىدۇر. ئەگەر سىلەردىن بىر گورۇھ كىشىلەر مەن بىلەن بىرگە ئەۋەتىلگەن تەلىماتلارغا ئىمان ئېيتقان، يەنە بىر گورۇھ كىشىلەر ئىمان ئېيتمىغان بولسا، ئاللاھ بىزنىڭ ئارىمىزدا ھۆكۈم چىقارغۇچە سەۋر قىلىپ تۇرۇڭلار. ئاللاھ ھۆكۈم چىقارغۇچىلارنىڭ ئەڭ ياخشىسىدۇر.»[1]

«وَيَا قَوْمِ أَوْفُواْ الْمِكْيَالَ وَالْمِيزَانَ بِالْقِسْطِ وَلاَ تَبْخَسُواْ النَّاسَ أَشْيَاءهُمْ وَلاَ تَعْثَوْاْ فِي الأَرْضِ مُفْسِدِينَ. بَقِيَّةُ اللّهِ خَيْرٌ لَّكُمْ إِن كُنتُم مُّؤْمِنِينَ وَمَا أَنَاْ عَلَيْكُم بِحَفِيظٍ. قَالُواْ يَا شُعَيْبُ أَصَلاَتُكَ تَأْمُرُكَ أَن نَّتْرُكَ مَا يَعْبُدُ آبَاؤُنَا أَوْ أَن نَّفْعَلَ فِي أَمْوَالِنَا مَا نَشَاء إِنَّكَ لأَنتَ الْحَلِيمُ الرَّشِيدُ»

شۇئەيب: «ئى قەۋمىم! سىلەر ئۆلچەمنى توغرا ئۆلچەڭلار، تارازىنى توغرا تارتىڭلار، كىشىلەرگە نەرسىلىرىنى كەم بەرمەڭلار، يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلىپ يۈرۈپ - پاسات تېرىماڭلار، ئەگەر سىلەر مۆئمىن بولساڭلار، ئاللاھ سىلەرگە قالدۇرغان ھالال رىزىق (سىلەر يىغقان ھارامدىن) ياخشىدۇر. مەن ھەر ھالدا سىلەرگە مۇھاپىزەتچى ئەمەسمەن» دېدى. ئۇلار: «ئى شۇئەيب! سېنىڭ نامىزىڭ ساڭا بىزنى ئاتا - بوۋىلىرىمىز ئىبادەت قىلىپ كېلىۋاتقان نەرسىلەرنى تاشلاتقۇزۇشقا ئۈگىتەمدۇ؟ ياكى ماللىرىمىزنى خالىغىنىمىزچە

---

[1] سۈرە ئەئراف 85 — 87 — ئايەتلەر.

**تەسەررۇپ قىلىش ئىختىيارىمىز بولمىسۇنمۇ؟ سەن ئەجەبمۇ كۆڭلى ـ كۆكسى كەڭ، تازىمۇ توغرا يول تاپقان ئادەمسەن ـ دە» دېيىشتى.**[1]

ئاخىرىدىكى ئاستىغا سىزىق سىزىلغان سۆزلەر ئىلاھىيەت ۋە رۇبۇبىيەت ھەققىدە ئۇلارنىڭ ئەسلى ئازغۇنلۇقى نېمىلەردىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى ئىنتايىن ئوچۇق كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

## پىرئەۋن ۋە پىرئەۋن ئاھالىسى

ئەمدى بىز پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ قەۋمىگە قاراپ چىقايلى. چۈنكى ئۇ ھەقتە نەمرۇدقا بولغان خاتا قاراشتىنمۇ ئېغىر خاتا قاراشلار ساقلانماقتا. ئومۇمەن كىشىلەر «پىرئەۋن پەقەت ئاللاھنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئىنكار قىلىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ئۆزىنىڭ خۇدالىقىنى دەۋا قىلاتتى» دەپ قارايدۇ. يەنى، ئۇنىڭ ئەقلى شۇ قەدەر خارابلاشقان ئىدىكى، پۈتۈن ئالەمنىڭ ئالدىدا ئوچۇق ئاشكارا ھالدا «مەن ئاسمان، زېمىننىڭ ياراتقۇچىسى» دەپ دەۋا قىلاتتى. ئۇنىڭ قەۋمىمۇ شۇ قەدەر ساراڭ بولۇپ قېلىشقانكى، ھەتتا ئۇنىڭ دەۋاسىغا ئىشىنەتتى» دەپ قارايدۇ. ھالبۇكى، قۇرئان كەرىم ۋە تارىخ ماتېرىياللىرىدىن پىرئەۋننىڭ ئەھۋالى نەمرۇد بىلەن، شۇنداقلا پىرئەۋن قەۋمىنىڭ ئەھۋالىمۇ نەمرۇد قەۋمىنىڭ ئەھۋالى بىلەن ھېچقانچە پەرقلەنمەيدىغانلىقىدىن ئىبارەت ئەسلى ھەقىقەتنى كۆرۈپ يېتەلەيمىز. ئەگەر ئوتتۇرىدا پەرق بار دېيىلسە، پەقەتلا سىياسىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ قەۋمىدە بەنى ئىسرائىل قەۋمىگە قارشى مىللەتچىلىك، ئۆچ ـ ئاداۋەت، مۇتەئەسسىپلىك

---

[1] سۈرە ھۇد 85 ـ 87 ـ ئايەتلەر.

www.uyghurkitap.com

مەۋجۇد ئىدى. شۇڭا ئۇلار بەنى ئىسرائىلغا بولغان ئۆچمەنلىك سەۋەبىدىنلا ئاللاھنى «ئىلاھ» ۋە «رەب» دېگىلى ئۇنىمايتتى. ئەمما قەلبلىرىدە قايىللىق مەخپى ساقلانغان ئىدى. خۇددى ھازىرقى دەۋردىكى كۆپىنچە دەھرىلەرگە ئوخشاش.

ئەسلىدە ئەمەلىيەت مۇنداق: يۇسۇف ئەلەيھىسسالام مىسىردا ھۆكۈمرانلىققا ئىگە بولغاندىن كېيىن ئىسلام تەلىماتىنى كەڭ قانات يايدۇرۇشقا پۈتۈن كۈچىنى سەرپ قىلغان ۋە مىسىردا شۇ قەدەر چوڭقۇر ئىز قالدۇرغانكى، قانچىلىغان ئەسىرلەرگىچە باشقىلار ئۇنىڭ تەسىرىنى ھەرقانچە قىلىپمۇ يوقىتالمىغان. يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرىدە گەرچە پۈتۈن مىسىر خەلقىنى «ئىسلامنى قوبۇل قىلغان ئىدى» دېگىلى بولمىسىمۇ، ئەمما مىسىردا ئاللاھنى ۋە ئۇنىڭ زېمىن، ئاسمانلارنىڭ ياراتقۇچىسى ئىكەنلىكىنى بىلمەيدىغان بىرمۇ ئادەم قالمىغان ئىدى. يالغۇز بۇلا ئەمەس، بەلكى يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ تەلىماتى بىلەن ھەر بىر مىسىرلىق تەبىئەتتىن تاشقىرى نۇقتىدىن ئاللاھنى «ئىلاھ» ۋە «رەب» دەپ ئېتىراپ قىلىدىغان، ھېچ بىرى ئاللاھنىڭ ئىلاھىيىتىنى ئىنكار قىلمايدىغان دەرىجىگە يەتكەن ئىدى. ئەمما ئۇلارنىڭ ئىچىدە كۆپۈرلۈقنى ساقلاپ قالغانلار بولسا، ئىلاھىيەت ۋە رۇبۇبىيەتتە ئاللاھقا باشقىلارنىمۇ شېرىك قىلىۋالاتتى.

يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەنە شۇنداق چوڭقۇر تەسىرلىرى تاكى مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرىگە قەدەر مىسىردا ساقلىنىپ تۇرالىدى[①]. بۇ

[①] ناۋادا تەۋراتنىڭ تارىخىي بايانلىرىنى «ئىشەنچلىك» دەپ قارىساق، ئۇنىڭدىن شۇنى مۆلچەرلەشكە بولىدۇكى، ئەينى چاغدا مىسىر خەلقىنىڭ بەشتەن بىر قىسمى مۇسۇلمان بولۇپ بولغان ئىدى. مۇسا ئەلەيھىسسالام بىلەن بىرلىكتە

قارىشىمىزنى پىرئەۋن خاندانىدىن بولغان بىر قىبتى ئەمىرنىڭ قىلغان خىتابلىرى ئۇچۇق ئىسپاتلاپ بېرەلەيدۇ. شۇ چاغدا پىرئەۋن مۇسا ئەلەيھىسسالامنى ئۆلتۈرمەكچى بولغاندا ئۆزىنىڭ مۇسۇلمانلىقىنى يوشۇرۇپ كېلىۋاتقان، ئوردا ئەمىرلىرىدىن بىرى بولغان ئۇ كىشى چىداپ تۇرالماي مۇنداق دېگەن ئىدى:

«أَتَقْتُلُونَ رَجُلًا أَن يَقُولَ رَبِّيَ اللَّهُ وَقَدْ جَاءَكُم بِالْبَيِّنَاتِ مِن رَّبِّكُمْ وَإِن يَكُ كَاذِبًا فَعَلَيْهِ كَذِبُهُ وَإِن يَكُ صَادِقًا يُصِبْكُم بَعْضُ الَّذِي يَعِدُكُمْ إِنَّ اللَّهَ لَا يَهْدِي مَنْ هُوَ مُسْرِفٌ كَذَّابٌ. يَا قَوْمِ لَكُمُ الْمُلْكُ الْيَوْمَ ظَاهِرِينَ فِي الْأَرْضِ فَمَن يَنصُرُنَا مِن بَأْسِ اللَّهِ إِنْ جَاءَنَا؟... يَا قَوْمِ إِنِّي أَخَافُ عَلَيْكُم مِّثْلَ يَوْمِ الْأَحْزَابِ. مِثْلَ دَأْبِ قَوْمِ نُوحٍ وَعَادٍ وَثَمُودَ وَالَّذِينَ مِن بَعْدِهِمْ... وَلَقَدْ جَاءَكُمْ يُوسُفُ مِن قَبْلُ بِالْبَيِّنَاتِ فَمَا زِلْتُمْ فِي شَكٍّ مِّمَّا جَاءَكُم بِهِ حَتَّى إِذَا هَلَكَ قُلْتُمْ لَن يَبْعَثَ اللَّهُ مِن بَعْدِهِ رَسُولًا... وَيَا قَوْمِ مَا لِي أَدْعُوكُمْ إِلَى النَّجَاةِ وَتَدْعُونَنِي إِلَى النَّارِ. تَدْعُونَنِي لِأَكْفُرَ بِاللَّهِ وَأُشْرِكَ بِهِ مَا لَيْسَ لِي بِهِ عِلْمٌ وَأَنَا أَدْعُوكُمْ إِلَى الْعَزِيزِ الْغَفَّارِ»

**«سىلەر ‹ئاللاھ پەرۋەردىگارىمدۇر› دېگەن كىشىنى ئۆلتۈرەمسىلەر؟ ھالبۇكى، ئۇ سىلەرگە ھەقىقەتەن پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ دەرگاھىدىن روشەن دەلىللەرنى ئېلىپ كەلدى. ئەگەر ئۇ يالغانچى بولسا، يالغانچىلىقنىڭ زىيىنى ئۇنىڭ ئۆزىگە بولىدۇ، ئەگەر ئۇ راستچىل بولسا، ئۇ سىلەرنى قورقۇتقان**

مىسىردىن چىققان بەنى ئىسرائىل قەۋمىنىڭ سانى ھەققىدىكى تەۋراتنىڭ ئىستاتىستىكىلىق مەلۇماتىدا ئۇلارنىڭ سانى 2 مىليون دەپ خاتىرىلەنگەن. بەلكىم شۇ چاغدا پۈتۈن مىسىر خەلقىنىڭ سانى 10 مىليون ئەتراپىدا بولسا كېرەك. تەۋراتتا مىسىردىن چىققانلارنىڭ ھەممىسى بەنى ئىسرائىل قەۋمى دەپ يېزىلغان. ئەمما ھەرقانچە ھېسابلاپ باققان بىلەنمۇ ياقۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ مىسىرغا بارغان 12 ئەۋلادىنىڭ 500 يىلدا 2 مىليونغا يېتىپ كېتىشى ناتايىن. شۇڭا «مىسىر خەلقىدىنمۇ نۇرغۇن كىشىلەر مۇسۇلمان بولۇپ، بەنى ئىسرائىل قەۋمىگە قېتىلىپ كەتكەن، مىسىردىن ھىجرەت قىلىدىغان چاغدا ئۇلارمۇ بەنى ئىسرائىل مۇسۇلمانلىرى بىلەن بىرلىكتە مىسىردىن چىققان» دەپ قىياس قىلىشقا تامامەن بولىدۇ. مانا بۇنىڭدىن يۈسۈف ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ خەلىپىلىرىنىڭ مىسىردا تەبلىغ خىزمىتىنى نەقەدەر چوڭقۇر ئەمەلىيلەشتۈرگەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

www.uyghurkitap.com

**ئازابىنىڭ بىر قىسمى چوقۇم سىلەرگە كېلىدۇ. شۈبھىسىزكى، ئاللاھ ھەددىدىن ئاشقان ھەرقانداق يالغانچىغا ھىدايەت يولىنى كۆرسەتمەيدۇ. ئى قەۋمىم! بۈگۈن سەلتەنەت سىلەرنىڭ ئىلكىڭلاردىدۇر، زېمىندا سىلەر غالىبسىلەر، ئەمما ئەتە ئاللاھنىڭ ئازابى كەلسە، ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇشقا بىزگە كىم ياردەم بېرىدۇ؟... ئى قەۋمىم! سىلەرنىڭ نۇھ، ئاد، سەمۇد قەۋملىرىگە ئوخشاش ۋە ئۇلاردىن كېيىنكىلەرگە ئوخشاش گۇرۇھلار ئۇچرىغان جازاغا ئۇچرىشىڭلاردىن قورقىمەن... ئىلگىرى سىلەرگە يۇسۇف (ئەلەيھىسسالام) روشەن مۆجىزىلەرنى ئېلىپ كەلگەندە، ئۇ ئېلىپ كەلگەن نەرسىدىن شەكلىنىپ قالدىڭلار، ئاندىن ئۇ ۋاپات بولغاندا، سىلەر «ئاللاھ ئۇنىڭدىن كېيىن ھەرگىز پەيغەمبەر ئەۋەتمەيدۇ» دېدىڭلار... ئى قەۋمىم! بۇ نېمىدېگەن غەيرىلىككى، مەن سىلەرنى نىجاتلىق تەرەپكە دەۋەت قىلىمەن، سىلەر بولساڭلار مېنى دوۋزاخقا دەۋەت قىلىسىلەر. سىلەر مېنى ئاللاھقا كۇپۇرلۇق قىلىشقا، مەندە ھېچبىر ئىلمىي پاكىتى بولمىغان نەرسىلەرنى ئۇنىڭغا شېرىك كەلتۈرۈشكە دەۋەت قىلىسىلەر، ھالبۇكى، مەن سىلەرنى ھەممىدىن غالىب، ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچى ئاللاھ تەرەپكە دەۋەت قىلىمەن.»**[1]

مانا بۇ پۈتۈن خىتاب گۇۋاھكى، يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇلۇغۋار ئوبرازى قانچىلىغان ئەسىرلەر ئۆتكەندىن كېيىنمۇ يەنىلا ئۇنتۇلماي ساقلىنىپ كەلگەن. ئۇنىڭ ئۇلۇغۋار تەلىماتلىرىنىڭ تەسىرىدە مىسىر قەۋمى قانداقتۇر ئاللاھتىن پۈتۈنلەي خەۋەرسىز قالدىغان ۋە ئۇنىڭ «ئىلاھ» ھەم «رەب» ئىكەنلىكىنى، ياكى پۈتۈن تەبىئەت ئۈستىدە غالىپ ھۆكۈمران ئىكەنلىكىنى

[1] سۈرە غافىر 28 ـ 42 ـ ئايەتلەر.

شۇنداقلا ئۇنىڭ غەزىپىدىن قورقۇشنىڭ نەقەدەر مۇھىملىقىنى يۇتۇنلەي ئۇنتۇپ قالىدىغان دەرىجىدە جاھالەتكە چۆكۈپ كەتمىگەن ئىدى. خىتابىنىڭ ئاخىرقى جۈملىلىرىدىن بۇ قەۋمنىڭ ئاللاھنىڭ ئىلاھلىقى ۋە رەب ئىكەنلىكىنى قەتئىي ئىنكار قىلمايدىغانلىقى، بەلكى ئۇلارنىڭ ئازغۇنلۇقى خۇددى بىز بايان قىلىپ ئۆتكەن باشقا قەۋملەرنىڭ ئازغۇنلۇقى بىلەن ئوخشاش ئىكەنلىكى ئوچۇق ئايدىڭلىشىدۇ. يەنى، ئۇلارمۇ ئاشۇ ئىككى مەنىدىن ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرەتتى.

لېكىن كىشىلەرنىڭ پىرئەۋن ۋە پىرئەۋن قەۋمى ھەققىدە خاتا تونۇشقا كېلىپ قېلىشىغا سەۋەب بولغان نەرسە شۇكى، پىرئەۋن مۇسا ئەلەيھىسسالامدىن: «إِنَّا رَسُولُ رَبِّ الْعَالَمِينَ» **«بىز ئالەملەرنىڭ رەببىنىڭ ئەلچىسىمىز[1]»** دېگەن سۆزنى ئاڭلىغاندا، «وَمَا رَبُّ الْعَالَمِينَ» **«ئالەملەرنىڭ رەببى دېگەن نېمە؟[2]»** دەپ سورىغان، ھەمدە ئۆز ۋەزىرى ھامانغا «ماڭا بىر ئېگىز ئىمارەت سالغىن، مەن مۇسانىڭ ئىلاھىنى كۆرۈپ باقاي» دېگەن، ئاندىن مۇسا ئەلەيھىسسالامغا تەھدىت سېلىپ، «سەن ئەگەر مەندىن باشقا قانداقلا بىرىنى ئىلاھ قىلىۋالىدىكەنسەن، سېنى زىندانغا تاشلايمەن» دېگەن ۋە پۇتۇن دۆلەتكە «مەن سىلەرنىڭ ئالىي رەببىڭلار» دەپ جاكارلاتقۇزغان. ھەمدە ئۆز ئوردا ئەھلىگىمۇ «مەن ئۆزۈمدىن باشقا ھېچ بىر ئىلاھنى تونىمايمەن» دەپ خىتاب قىلغان بولۇپ، كىشىلەر مانا بۇ خىل جۈملىلەرنى كۆرگەندە «بەلكىم پىرئەۋن ئاللاھنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئىنكار قىلسا كېرەك،

① سۈرە زۇخرۇف، 16 ــ ئايەت

② سۈرە زۇخرۇف، 23 ــ ئايەت

www.uyghurkitap.com

ئەدىيىسى ئالەملەرنىڭ رەببىنىڭ تەسەۋۋۇردىن پۈتۈنلەي خالىي بولسا كېرەك، شۇڭا ئۇ ئۆزىنى «بىردىنبىر مەبۇد» دەپ ئويلاپ قالغان بولۇشى مۇمكىن» دېگەندەك خاتا نوتۇشقا كېلىشىپ قالغان. ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ بۇ سۆزلىرىنىڭ ھەممىسى مىللەتچىلىك ئەسەبىيىتى سەۋەبىدىنلا ئىدى. يۈسۈف ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرىدە ئۇنىڭ ئالىي جاناب پەزىلىتىنىڭ تەسىرىدە ئىسلام تەلىماتلىرى پۈتۈن مىسىردا ئەۋج ئالغانلا بولماستىن، بەلكى يەنە ئۇنىڭ دۆلەتتىكى ھۆكۈمرانلىق ئورنىنىڭ تەسىرىدە بەنى ئىسرائىل قەۋمىمۇ مىسىردا ئىنتايىن كۈچلۈك ئورۇنغا ئىگە بولغان ئىدى. تەخمىنەن 300 ياكى 400 يىلغا قەدەر مىسىردا ئىسرائىل ھۆكۈمرانلىقى دەۋر سۈردى. كېيىنكى چاغدا ئىسرائىل قەۋمىگە قارشى مىللەتچىلىك ھەرىكىتى باشلىنىپ، ئاخىرى ئىسرائىل قەۋمىنىڭ مىسىردىكى ھاكىمىيىتى ئاغدۇرۇپ تاشلاندى. مىسىرنىڭ يەرلىك مىللەتپەرەس بىر خانىدانى ھۆكۈمرانلىقنى قولىغا ئالدى. بۇ يېڭى ھۆكۈمرانلار بەنى ئىسرائىل قەۋمىنى ئاياق ـ ئاستى قىلىپ، باستۇرۇش بىلەنلا كۇپايىلەنمەستىن، بەلكى يۈسۈپ ئەلەيھىسسالامنىڭ مىسىردىكى ھەربىر ئىز، تەسىرلىرىنى بىرىنمۇ قويماي يوقىتىپ تاشلاپ، ئۆزلىرىنىڭ قەدىمىي جاھىلانە مىللىي ئەنئەنىلىرىنى قايتىدىن تىكلەشكە كىرىشىپ كەتتى. ئەنە شۇنداق بىر چاغدا مۇسا ئەلەيھىسسالام كەلگەن بولۇپ، ئۇلار مىسىر ھۆكۈمرانلىقىنىڭ قايتىدىن يەنە بەنى ئىسرائىل قەۋمىنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كېتىشىدىن خەۋپسىرەشمەكتە ئىدى. مانا بۇ خەۋپ ۋە ئۆچ ـ ئاداۋەت سەۋەبىدىنلا پىرئەۋن تەپتارتماي مۇسا ئەلەيھىسسالامدىن «ئالەملەرنىڭ رەببى دېگەن نېمە؟ مەندىن باشقا كىممۇ ئىلاھ بولالىسۇن؟» دەپ سورىغان ئىدى.

ھالبۇكى ئالەملەرنىڭ رەببىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى پىرئەۋن ئۆزىمۇ ئوبدان بىلەتتى. قۇرئان كەرىمدىكى پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ ئوردا ئەھلىنىڭ قىلىشقان سۆزلىرى، شۇنداقلا مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ خىتابلىرى بۇ ھەقىقەتلەرنىڭ ھەممىنى ئىنتايىن ئوچۇق ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

مەسىلەن، بىر قېتىم پىرئەۋن «مۇسا ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ئەمەس» دېگەنگە ئۆز قەۋمىنى ئىشەندۇرۇش ئۈچۈن: «فَلَوْلَا أُلْقِيَ عَلَيْهِ أَسْوِرَةٌ مِّن ذَهَبٍ أَوْ جَاءَ مَعَهُ الْمَلَائِكَةُ مُقْتَرِنِينَ» **«نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئالتۇن بىلەيزۈكلەر نازىل قىلىنمىدى؟ ياكى نېمىشقا پەرىشتىلەر سەپ بولۇپ ئۇنىڭ بىلەن بىرگە كەلمىدى؟»** دەيدۇ.[①]

ئۇيلاپ باقايلىكى ئەجەبا ئاللاھنىڭ مەۋجۇتلۇقى ھەققىدىكى ۋە پەرىشتىلەر ھەققىدىكى تەسەۋۋۇردىن ئىدىيىسى پۈتۈنلەي خالىي ئادەم مۇشۇنداق سۆزلەرنى قىلارمۇ؟

يەنە بىر جايدا پىرئەۋن بىلەن مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قىلىشقان سۆزلىرى مۇنداق خاتىرىلەنگەن:

«فَقَالَ لَهُ فِرْعَونُ إِنِّي لَأَظُنُّكَ يَا مُوسَى مَسْحُورًا. قَالَ لَقَدْ عَلِمْتَ مَا أَنزَلَ هَؤُلَاء إِلاَّ رَبُّ السَّمَاوَاتِ وَالأَرْضِ بَصَآئِرَ وَإِنِّي لَأَظُنُّكَ يَا فِرْعَونُ مَثْبُورًا»

**«مۇسا ئۇلارنىڭ ئالدىغا كەلگەندە پىرئەۋن ‹ئى مۇسا! سېنى مەن چوقۇم سېھىرلىنىپ قالغان ئادەم دەپ ئويلايمەن› دېدى. مۇسا بۇنىڭغا جاۋابەن: ‹سەن بۇ بەسىرەتكە تولغان (يەنى پىكىرنى نۇرلاندۇرىدىغان) ئالامەتلەرنى زېمىن ۋە ئاسمانلارنىڭ پەرۋەردىگارىدىن باشقا ھېچ كىمنىڭ نازىل**

---

[①] سۈرە زۇخرۇف 53 ــ ئايەت.

قىلمىغانلىقىنى ئوبدان بىلىسەن. مەن سېنى، ئى پىرئەۋن! ھەقىقەتەن، ھالاك بولىدۇ دەپ ئويلايمەن› دېدى.»①

يەنە بىر جايدا ئاللاھ تائالا پىرئەۋن قەۋمىنىڭ قەلب ھالىنى مۇنداق بايان قىلىپ بېرىدۇ:

«فَلَمَّا جَاءَتْهُمْ آيَاتُنَا مُبْصِرَةً قَالُوا هَذَا سِحْرٌ مُبِينٌ. وَجَحَدُوا بِهَا وَاسْتَيْقَنَتْهَا أَنفُسُهُمْ ظُلْمًا وَعُلُوًّا»

**«ئۇلارغا بىزنىڭ ئوپئوچۇق ئالامەتلىرىمىز نازىل بولغان چاغدا، ئۇلار: ‹بۇ روشەن سېھىردۇر› دېيىشتى. ھالبۇكى، قەلبى ئۇنىڭغا قايىل بولۇپ بولغان ئىدى. ئەمما ئۇلار پەقەت زۇلۇم ۋە مەنمەنلىك ئاساسىدىلا قوبۇل قىلىشنى رەت قىلدى.»** (سۈرە نەمله 13 ـ 14 ـ ئايەت)

ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ باشقا بىر يىغىلىشىنى مۇنداق تەسۋىرلەپ بەرگەن:

«قَالَ لَهُم مُّوسَى وَيْلَكُمْ لَا تَفْتَرُوا عَلَى اللَّهِ كَذِبًا فَيُسْحِتَكُم بِعَذَابٍ وَقَدْ خَابَ مَنِ افْتَرَى. فَتَنَازَعُوا أَمْرَهُم بَيْنَهُمْ وَأَسَرُّوا النَّجْوَى. قَالُوا إِنْ هَذَانِ لَسَاحِرَانِ يُرِيدَانِ أَن يُخْرِجَاكُم مِّنْ أَرْضِكُم بِسِحْرِهِمَا وَيَذْهَبَا بِطَرِيقَتِكُمُ الْمُثْلَى»

**مۇسا ئۇلارغا: «سىلەرگە ئەپسۇس! ئاللاھقا يالغاننى چاپلىماڭلار، بولمايدىكەن، ئاللاھ سىلەرنى قاتتىق ئازاب بىلەن ھالاك قىلىدۇ، ئاللاھقا بوھتان چاپلىغان ئادەم مەغلۇپ بولىدۇ» دېدى.**

**بۇنى ئاڭلاپ كىشىلەر ئارىسىدا دەتالاش چىقتى، ئاندىن ئۆز ئارا خۇپىيانە مەسلىھەتلىشىشكە باشلىدى. ئۇنىڭدا بەزىلەر: «بۇ ئىككىسى (يەنى مۇسا بىلەن ھارۇن ئەلەيھىسسالام) راستتىنلا سېھىرگەرلەردۇر، بۇلارنىڭ**

① سۈرە بەنى ئىسرائىل 101 ـ 102 ـ ئايەت.

**مەقستى سىلەرنى سېھىر بىلەن زېمىنىڭلاردىن چىقىرىۋېتىش ۋە سىلەرنىڭ ئۈلگىلىك تۇرمۇش يولۇڭلارنى يوقىتىپ تاشلاشتۇر» دېيىشتى.** (سۈرە تاھا 61 _ 63 _ ئايەت)

ئېنىقكى، ئاللاھنىڭ كاتتا ھەيۋىتىگە بولغان قورقۇنچ ئۇلارنىڭ قەلبىدە ئازدۇر _ كۆپتۇر ساقلانغان بولغاچقىلا ئۇلارنى مۇسا ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قورقۇتۇپ، يالغان چاپلاشنىڭ يامان ئاقىۋىتىدىن ئاگاھلاندۇرغاندا دەرھال غۇلغۇلا قىلىشقا باشلىدى. ئەمما ئۇلارنىڭ ھۆكۈمران كۈچلىرى ناۋادا مۇسا ئەلەيھىسسالام بىلەن ھارۇن ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزىگە كىرىدىغان ئىش بولۇپلا قالسا، مىسىرچىلىقنىڭ ئىسرائىلچىلىق ئالدىدا مەغلۇپ بولۇپ قىلىشىدەك سىياسىي ئىنقىلاب خەۋپىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئوتتۇرىغا قويغاندا، ئۇلار ھەممىسى بىرلىكتە پەيغەمبەرلەرگە قارشى تۇرۇش نىيىتىگە كېلىشكەن ئىدى.

بىز ئالدى بىلەن مانا بۇ ھەقىقەتنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋالغاندىن كېيىن ئاندىن، مۇسا ئەلەيھىسسالام بىلەن پىرئەۋننىڭ ئوتتۇرىسىدا زادى قانداق زىددىيەتنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى شۇنداقلا پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ ئازغۇنلۇقى زادى قانداق خاراكتېردە ئىكەنلىكىنى، پىرئەۋننىڭ زادى قايسى مەنىدىن ئىلاھلىق ۋە رەبلىك دەۋاسى قىلىدىغانلىقىنى ئاسانلا تەتقىق قىلىپ چىقالايمىز. بۇ مەقسەت ئۈچۈن قېنى قۇرئاننىڭ كەرىمنىڭ تۆۋەندىكى ئايەتلىرىنى تەرتىپ بويىچە مۇلاھىزە قىلىپ باقايلى!

1 _ پىرئەۋننىڭ ئوردا ئەمىرلىرى ئىچىدە مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋىتىنى باستۇرماقچى بولغان كىشىلەر بىر تەرەپتە پىرئەۋنگە، «أَتَذَرُ مُوسَى

وَقَوْمَهُ لِيُفْسِدُوا فِي الْأَرْضِ وَيَذَرَكَ وَءَالِهَتَكَ» «مۇسا بىلەن ئۇنىڭ قەۋمىنى زېمىندا بۇزۇقچىلىق تېرىشقا، سېنى ۋە سېنىڭ ئىلاھلىرىڭنى تاشلاشقا قويۇۋېتەمسەن؟[1]» دېيىشكەن بولسا، يەنە بىر تەرەپتە ئوردا ئەمىرلىرىنى ئېچىدىكى مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ئىمان كەلتۈرگەن بىر كىشى كىشىلەرگە خىتاب قىلىپ: «تَدْعُونَنِي لِأَكْفُرَ بِاللَّهِ وَأُشْرِكَ بِهِ مَا لَيْسَ لِي بِهِ عِلْمٌ» **«سىلەر مېنى ئاللاھقا كۇپۇرلۇق قىلىشقا، مەندە ھېچبىر ئىلمى پاكىتى بولمىغان نەرسىلەرنى ئۇنىڭغا شېرىك كەلتۈرۈشكە دەۋەت قىلىسىلەر[2]»** دەيدۇ.

يۇقىرىقى تارىخ ۋە ئاسارە ـ ئەتىقىلەرنىڭ ۋاستىسى بىلەن ئاشۇ دەۋردىكى مىسىرغا ئائىت بىز ئېرىشكەن مەلۇماتلارنى مانا بۇ ھەر ئىككى ئايەتكە قوشۇپ بىرلىكتە نەزەر سالىدىغان بولساق، شۇنى ئېنىق بىلىۋالايمىزكى، پىرئەۋن ئۆزىمۇ ۋە ئۇنىڭ قەۋمىمۇ رۇبۇبىيەتنىڭ بىرىنچى ۋە ئىككىنچى خىل مەنىسى جەھەتتىن باشقا مەبۇدلارنى ئاللاھقا شېرىك قىلىۋالاتتى ھەمدە شۇلارغا ئىبادەت قىلاتتى. ناۋادا پىرئەۋن راستىنلا تەبىئەتتىن تاشقىرى نۇقتىدىن ئۆزىنى «خۇدا» دەپ دەۋا قىلغان، (يەنى ‹مەن پۈتۈن سەۋەبلەر ئالىمىگە ھۆكۈمرانلىق قىلىمەن، ئاسمان ـ زېمىندا مەندىن باشقا ئىلاھ ۋە رەب

① سۈرە ئەئراف، 127 ـ ئايەت

② سۈرە مۆئمىن 42 ـ ئايەت

يوقتۇر» دېگەن) بولسا ئىدى. ئۇ چاغدا ئۇ دىنسىز ھەرگىزمۇ مەبۇدلارغا چوقۇنمىغان بولاتتى[1].

2 ـ قۇرئان كەرىمدە پىرئەۋننىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنغان:

«يَا أَيُّهَا الْمَلَأُ مَا عَلِمْتُ لَكُم مِّنْ إِلَٰهٍ غَيْرِي»

**«ئى ئوردا ئەھلى! مەن ئۆزۈمدىن باشقا سىلەرنىڭ يەنە بىر ئىلاھىڭلارنىڭ بارلىقىنى بىلمەيمەن.»**[2]

«لَئِنِ اتَّخَذْتَ إِلَٰهًا غَيْرِي لَأَجْعَلَنَّكَ مِنَ الْمَسْجُونِينَ»

**«ئەگەر مەندىن غەيرىنى ئىلاھ قىلىۋالىدىغان بولساڭ، سېنى چوقۇم مەھبۇسلارنىڭ ئارىسىغا تىقىۋېتىمەن.»**[3]

بۇ سۆزلەرنىڭ مەنىسى قانداقتۇر پىرئەۋننىڭ ئۆزىدىن باشقا بارلىق ئىلاھلارنى رەت قىلغانلىقى بولمايدۇ، بەلكى ئۇنىڭ مەقسىتى پەقەتلا مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋىتىنى رەت قىلىش ئىدى. چۈنكى مۇسا

---

① بەزى مۇپەسسىرلەر «پىرئەۋن ئۆزىنى ئالەملەرنىڭ ئىلاھى دەپ دەۋا قىلاتتى» دېگەن پەرەزنىلا ئاساس قىلىپ، سۈرە ئەئرافنىڭ مەزكۇر ئىكىستىنى «إلهتك» دەپ قىرائەت قىلغان ھەمدە «الهة» دېگەن سۆزنى «ئىبادەت قىلىش» دېگەن مەنىدە ئالغان. يەنى ئۇلارنىڭ قىرائىتى بويىچە بولغاندا ئايەتنىڭ تەرجىمىسى «سېنى ۋە سېنىڭ ئىبادىتىڭنى تاشلاشقا قويۇۋېتەمسەن» دېگەن بولىدۇ. ئەمما بۇ بىرىنچىدىن، ھەممىگە ئورتاق ئومۇملاشقان قىرائەتكە خىلاپ ئىنتايىن كەم ئۇچرايدىغان قىرائەت ئۇسۇلى. ئىككىنچىدىن، بۇ قىرائەتنى ئىختىيار قىلىشتا ئاساس قىلىۋالغان پەرەزمۇ پۇتتۇنلەي ئاساسسىز. ئۈچىنچىدىن، «الهة» دېگەن سۆزنى «ئىبادەت قىلىش» دېيىشتىن باشقا يەنە «ئىلاھ»، «مەبۇد» دەپمۇ تەرجىمە قىلىشقا تامامەن بولىدۇ. جاھىلىيەتتىكى ئەرەبلەر قۇياش ئۈچۈن «الهة» دېگەن سۆزنى ئىشلىتەتتى. مىسىرلىقلارنىڭ كاتتا مەبۇدىمۇ قۇياش ئىدى. قۇياش مىسىر تىلىدا "رع" دەپ ئاتىلاتتى. پىرئەۋننىڭ مەنىسى بولسا، دەل ئەنە شۇ "رع" نىڭ ئەۋلادى ياكى مەزھىرى دېگەنلىك بولاتتى. دېمەك، ئەمەلىيەتتە پىرئەۋننىڭ دەۋا قىلغىنى «مەن قۇياش ئىلاھىنىڭ جىسمانى مەزھىرى» دېگەندىنلا ئىبارەت ئىدى.

② سۈرە قەسەس 38 ـ ئايەت.

③ سۈرە شۇئەرا 29 ـ ئايەت.

uyghurkitap.com www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋەت قىلىۋاتقىنى يالغۇز تەبىئەتتىن تاشقىرى مەنىدىنلا مەبۇد ئەمەس، بەلكى مەدەنىيەت، سىياسەت جەھەتتىمۇ، چەكلەش ۋە يولغا قويۇش جەھەتتىمۇ، ئالىي ھۆكۈمرانلىق نۇقتىسىدىنمۇ ھەممىنىڭ خوجايىنى بولغان ئىلاھقا ئىبادەت قىلىش ئىدى. شۇڭلاشقا پىرئەۋن ئۆز قەۋمىگە «سىلەرنىڭ بۇنداق ئىلاھىڭلار مەندىن باشقا ھېچ كىشى ئەمەس» دېگەندىن كېيىن مۇسا ئەلەيھىسسالامغا تەھدىت سېلىپ، «ئەگەر سەن ئاشۇ مەنىدىن مەندىن باشقا قانداقلا بىرىنى ئىلاھ دەپ قارايدىكەنسەن، سېنى زىندانغا تاشلايمەن» دېگەن ئىدى.

بۇنىڭدىن باشقا يەنە قۇرئاننىڭ ئايەتلىرىدىن، شۇنداقلا تارىخ ۋە ئاسارە ـــ ئەتىقە تەتقىقاتلىرىدىن مىسىر پىرئەۋنلىرىنىڭ پەقەتلا مۇتلەق ھۆكۈمرانلىق(Absolute Sovereignty) نى دەۋا قىلىپلا قالماستىن، بەلكى خەلقنىڭ قەلب، روھىي تېخىمۇ مۇستەھكەم قامال قىلىش ئۈچۈن ئۆزلىرىنى ئىلاھلارغا ئۇرۇق ـ تۇغقان قىلىپ كۆرسىتىپ، مۇقەددەسلىكنى دەۋا قىلىپ كەلگەنلىكىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. بۇ ئىشتا قانداقتۇر ئاشۇ پىرئەۋنلەرلا يېگانە بولۇپ قالماستىن، دۇنيادىكى نۇرغۇنلىغان شاھىي خانىدانلارمۇ ئۆزىنىڭ سىياسىي ھاكىمىيىتىنى تېخىمۇ مۇستەھكەملەش ئۈچۈن تەبىئەتتىن تاشقىرى ئىلاھلىق ۋە رۇبۇبىيەتلىكتىمۇ ئۆزلىرىنى ھەسسىدار قىلىپ كۆرسىتىپ كېلىشكەن ۋە خەلقنىڭ چوقۇم ئۇلار ئالدىدا بەندىچىلىك مۇراسىملىرىنى ئۆتكۈزۈپ تۇرۇشىنى ۋاجىپ قىلىپ بەلگىلەشكەن. ئەمەلىيەتتە بۇنىڭ خاراكتېرى پەقەتلا ئۇستىقۇرۇلما بولۇشتىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئەسلى مەقسىتى ھاكىمىيەتنىڭ مۇستەھكەملىكى ئىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار

تەبىئەتتىن تاشـقىرى ئىلاھلىقنىمـۇ دەۋا قىلىشـنى چـارە، تەدبىـر ئورنىـدا سۇيىئىستېمال قىلاتتى. شۇڭلاشقا مىسىر ۋە باشقا جاھىلىيەتپەرەس دۆلەتلەردە ھەر دائىم سىياسىي زاۋاللىققا ئەگىشىپ شـاھىي خانىـدانلارنىڭ ئىلاھلىقىمـۇ پۈتۈنلەي تۈگىشىپ كەلگەن. تەخت كىمنىڭ ئالقىنىغـا چۈشسـە ئىلاھلىقمـۇ شۇنىڭغا يۆتكىلىپ كەلگەن.

3 ـ پىرئەۋننىڭ ئەسلى دەۋاسى تەبىئەتتىن تاشـقىرى ئىلاھلىـق ئەمەس، بەلكى سىياسىي خۇدالىقتىن ئىبارەت ئىـدى. ئـۇ رۇبۇبىيەتنىـڭ ئـۈچىنچى، تۆتىنچى ۋە بەشىنچى خىـل ئۇقـۇملىرى جەھەتتىـنلا «مەن مىسـىرنىڭ ۋە ئۇنىڭ خەلقىنىڭ (Over ـ lord) ئـالىي پەرۋەردىگـارى. مۇشـۇ دۆلەتنىكـى ھەممـە ۋاسـىتىلەرنىڭ ۋە پۈتـۈن نەرسـىلەرنىڭ خوجـايىنى. بۇنىڭـدىكى ھـاكىممۇتلەقلىق ھوقـۇقى مـاڭىلا مەنسـۇپ. ئۇنىڭـدا مەدەنىـيەت ۋە ئىجتىمائىيەت مېنى مەركەز قىلغان بولۇشى لازىم. مېنىڭ قانۇنۇمـدىن باشقا ئۆزگىلەرنىڭ قانۇنى ئىجرا قىلىنماسلىقى لازىم» دەپ دەۋا قىلاتتى. قۇرئـان كەرىمنىڭ تىلىدا ئۇنىڭ دەۋاسىنىڭ ئاساسى مۇنداق بايان قىلىنغان:

«وَنَادَى فِرْعَوْنُ فِي قَوْمِهِ قَالَ يَا قَوْمِ أَلَيْسَ لِي مُلْكُ مِصْرَ وَهَذِهِ الْأَنْهَارُ تَجْرِي مِن تَحْتِي أَفَلَا تُبْصِرُونَ»

**«پىرئەۋن ئۆز قەۋمى ئىچىدە ‹ئى قەۋمىم! مەن مىسىر پادىشاھلىقىنىڭ خوجايىنى ئەمەسمۇ؟ ئاستىمدىن ئېقىپ تۇرغان بۇ دەريالار مېنىڭ ئەمەسمۇ؟ ئەجەبا كۆرمەمسىلەر؟› دەپ نىدا قىلدى.»** (سۈرە زۇخرۇف 51 ـ ئايەت)

مانا بۇ دەل نەمرۇدنىڭمۇ رۇبۇبىيەت دەۋاسىنىڭ ئاساسى ئىدى.

«أَلَمْ تَرَ إِلَى الَّذِي حَآجَّ إِبْرَاهِيمَ فِي رِبِّهِ أَنْ آتَاهُ اللّهُ الْمُلْكَ»

**«ئىبراھىم بىلەن جېدەللەشكەن كىشىنىڭ ھالىنى كۆردۈڭمۇ؟ ئۇنىڭ جېدىلى ئىبراھىمنىڭ پەرۋەردىگارىنىڭ كىملىكى توغرىسىدا ئىدى. بۇ پەقەت ئاللاھنىڭ ئۇنى پادىشاھ قىلىپ قويغانلىقىدىن ئىدى.»**[1]

يەنە دەل مۇشۇ ئاساستا يۈسۈف ئەلەيھىسسالام بىلەن زامانداش پادىشاھمۇ دۆلەت يۇقرالىرىغا رەب بولۇۋالغان ئىدى.

4 ـ پىرئەۋن ۋە پىرئەۋن ئەھلى قارشىلىق كۆرسىتىپ جېدەل قىلىشقان مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋىتى ئەسلىدە «ئالەملەرنىڭ رەببىدىن باشقا ھېچ كىشى ھەرقانداق مەنىدىن ئىككىنچى ئىلاھ ياكى رەب بولالمايدۇ. ئەنە شۇ ئاللاھلا تەبىئەتتىن تاشقىرى مەنىدىنمۇ ئىلاھ ۋە سىياسىي، ئىجتىمائىي مەنىدىنمۇ ئىلاھ. ئىبادەت ۋە چوقۇنۇشمۇ پەقەت ئۇنىڭغىلا بولۇشى ھەمدە بەندىچىلىك ۋە ئىتائەتمۇ ئۇنىڭغىلا خاس بولۇشى، بويسۇنىدىغان قانۇنمۇ ئۇنىڭلا بولۇشى لازىم. مانا بۇ ئوپئوچۇق مۆجىزىلەر بىلەن ئاللاھ تائالا مېنى ئەلچى قىلىپ ئەۋەتتى. ئاللاھ مەن ئارقىلىق ئۆزىنىڭ رۇخسەت، چەكلىمە، بۇيرۇقلىرىنى بۇيرۇيدۇ. شۇڭلاشقا بۇ بەندىلەرنىڭ بېتەكچىلىك ھوقۇقى سېنىڭ قولۇڭدا ئەمەس مېنىڭ قولۇمدا بولۇشى لازىم» دېگەنلەردىن ئىبارەت بولۇپ، شۇ ۋەجىدىن پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ ھۆكۈمەت ئەربابلىرى قايتا ـ قايتىلاپ «بۇ ئىككىسى بىزنى زېمىنىمىزدىن قوغلاپ چىقىرىپ، ئۆزى ئىگەللىۋالماقچى، ھەمدە دۆلىتىمىزنىڭ ئىنقىلاد، مەدەنىيەت تۈزۈملىرىنى يوقىتىپ تاشلاپ، ئۆز تۈزۈمىنى ئورناتماقچى» دېيىشكەن ئىدى.

---

[1] سۈرە بەقەرە 258 ـ ئايەت.

«وَلَقَدْ أَرْسَلْنَا مُوسَى بِآيَاتِنَا وَسُلْطَانٍ مُّبِينٍ. إِلَى فِرْعَوْنَ وَمَلَئِهِ فَاتَّبَعُواْ أَمْرَ فِرْعَوْنَ وَمَا أَمْرُ فِرْعَوْنَ بِرَشِيدٍ»

«بىز مۇسانى ھەقىقەتەن ئايەتلىرىمىز ۋە روشەن دەلىللەر (يەنى مۆجىزىلەر) بىلەن پىرئەۋنگە ۋە ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ چوڭلىرىغا (پەيغەمبەر قىلىپ) ئەۋەتكەن ئىدۇق، ئەمما ئۇلار پىرئەۋننىڭ بۇيرۇقىغا ئەگەشتى. ۋەھالەنكى پىرئەۋننىڭ بۇيرۇقى توغرا ئەمەس ئىدى.» (سۈرە ھۇد 96 ـ 97 ـ ئايەت)

«وَلَقَدْ فَتَنَّا قَبْلَهُمْ قَوْمَ فِرْعَوْنَ وَجَاءهُمْ رَسُولٌ كَرِيمٌ. أَنْ أَدُّوا إِلَيَّ عِبَادَ اللَّهِ إِنِّي لَكُمْ رَسُولٌ أَمِينٌ. وَأَنْ لَّا تَعْلُوا عَلَى اللَّهِ إِنِّي آتِيكُم بِسُلْطَانٍ مُّبِينٍ»

«ئۇلاردىن ئىلگىرى بىز ھەقىقەتەن پىرئەۋننىڭ قەۋمىنى سىنىغان ئىدۇق، ئۇلارغا ئېسىل بىر پەيغەمبەر كەلدى ۋە ئۇلارغا: ‹ئاللاھنىڭ بەندىلىرىنى ماڭا تاپشۇرۇپ بېرىڭلار، مەن سىلەرگە ئامانەتدار پەيغەمبەرمەن. ئاللاھقا مەنمەنلىك قىلماڭلار، مەن سىلەرگە تەيىن قىلىنغانلىقىمنىڭ روشەن مۆجىزىلىرىنى ئېلىپ كەلدىم› دېدى.»[1]

«إِنَّا أَرْسَلْنَا إِلَيْكُمْ رَسُولًا شَاهِدًا عَلَيْكُمْ كَمَا أَرْسَلْنَا إِلَى فِرْعَوْنَ رَسُولًا. فَعَصَى فِرْعَوْنُ الرَّسُولَ فَأَخَذْنَاهُ أَخْذًا وَبِيلًا»

«(ئى مەككە ئەھلى!) شۈبھىسىزكى، بىز پىرئەۋنگە بىر پەيغەمبەرنى ئەۋەتكەندەك، سىلەرنىڭ ئۈستىڭلەردىن گۇۋاھلىق بەرگۈچى بىر پەيغەمبەرنى ئەۋەتتۇق. پىرئەۋن پەيغەمبەرگە ئاسىيلىق قىلىۋىدى، بىز ئۇنى قاتتىق جازالىدۇق» (سۈرە مۇززەممىل 15 ـ 16 ـ ئايەت)

[1] سۈرە دۇخان 17 ـ 19 ـ ئايەت.

www.uyghurkitap.com

«قَالَ فَمَن رَّبُّكُمَا يَا مُوسَى؟ قَالَ رَبُّنَا الَّذِي أَعْطَى كُلَّ شَيْءٍ خَلْقَهُ ثُمَّ هَدَى»

پىرئەۋن: «ئى مۇسا، سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلار كىم؟» دېدى. مۇسا: «پەرۋەردىگارىمىز شۇنداق زاتتۇركى، ھەممە نەرسىگە شەكىل ئاتا قىلدى، ئاندىن ئۇلارغا يوللىرىنى كۆرسەتتى» دەپ جاۋاب بەردى.[1]

«قَالَ فِرْعَوْنُ وَمَا رَبُّ الْعَالَمِينَ. قَالَ رَبُّ السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ وَمَا بَيْنَهُمَا إِن كُنتُم مُّوقِنِينَ. قَالَ لِمَنْ حَوْلَهُ أَلَا تَسْتَمِعُونَ. قَالَ رَبُّكُمْ وَرَبُّ آبَائِكُمُ الْأَوَّلِينَ. قَالَ إِنَّ رَسُولَكُمُ الَّذِي أُرْسِلَ إِلَيْكُمْ لَمَجْنُونٌ. قَالَ رَبُّ الْمَشْرِقِ وَالْمَغْرِبِ وَمَا بَيْنَهُمَا إِن كُنتُمْ تَعْقِلُونَ. قَالَ لَئِنِ اتَّخَذْتَ إِلَهًا غَيْرِي لَأَجْعَلَنَّكَ مِنَ الْمَسْجُونِينَ»

پىرئەۋن ئېيتتى: «ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى دېگەن نېمە؟»

مۇسا جاۋابەن: «ئۇ ئاسمانلارنىڭ، زېمىننىڭ ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى پۈتۈن مەخلۇقاتلارنىڭ رەببىدۇر. ئەگەر سىلەر ھەقىقىي ئىشەنمىدىغان بولساڭلار» دېدى.

پىرئەۋن چۆرىسىدىكىلەرگە: «ئاڭلاۋاتامسىلەر؟» دېدى.

مۇسا: «(ئۇ) سىلەرنىڭمۇ رەببىڭلاردۇر ۋە سىلەرنىڭ ئىلگىرىكى ئەجدادلىرىڭلارنىڭمۇ رەببىدۇر» دېدى.

پىرئەۋن (سورۇندىكىلەرگە): «سىلەرگە ئەۋەتىلگەن (بۇ) ئەلچى پۈتۈنلەي مەجنۇندەك قىلىدۇ» دېدى.

مۇسا: «(ئۇ) مەشرىقنىڭ، مەغرىبنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ھەممە مەخلۇقاتنىڭ پەرۋەردىگارىدۇر. ئەگەر سىلەر ئاقىل بولساڭلار»دېدى.

---

[1] سۈرە تاھا 49 ـ 50 ـ ئايەت.

**پىرئەۋن: «ئەگەر مەندىن غەيرىنى ئىلاھ قىلىۋالىدىغان بولساڭ، سېنى چوقۇم زىندانغا تاشلايمەن» دېدى.**[1]

«قَالَ أَجِئْتَنَا لِتُخْرِجَنَا مِنْ أَرْضِنَا بِسِحْرِكَ يَا مُوسَى»

**پىرئەۋن: «ئى مۇسا! سېھرىڭ بىلەن بىزنى زېمىنىمىز (مىسىر) دىن چىقىرىۋېتىش ئۈچۈن كەلدىڭمۇ؟» دېدى.**[2]

«وَقَالَ فِرْعَوْنُ ذَرُونِي أَقْتُلْ مُوسَى وَلْيَدْعُ رَبَّهُ إِنِّي أَخَافُ أَن يُبَدِّلَ دِينَكُمْ أَوْ أَن يُظْهِرَ فِي الْأَرْضِ الْفَسَادَ»

**پىرئەۋن ئېيتتى: «مېنى قويۇۋېتىڭلار، مۇسانى ئۆلتۈرىمەن، مۇسا پەرۋەردىگارىنى ياردەمگە چاقىرىپ باقسۇن، مەن قورقۇمەنكى، مۇسا دىنىڭلارنى ئۆزگەرتىۋېتىدۇ ياكى دۆلەتتە قالايمىقانچىلىق تۇغدۇرىدۇ.»**[3]

«قَالُوا إِنْ هَذَانِ لَسَاحِرَانِ يُرِيدَانِ أَن يُخْرِجَاكُم مِّنْ أَرْضِكُم بِسِحْرِهِمَا وَيَذْهَبَا بِطَرِيقَتِكُمُ الْمُثْلَى»

**ئۇلار ئېيتتى: «بۇ ئىككىسى راستتىنلا سېھرىگەركەن، بۇلارنىڭ مەقستى سىلەرنى سېھىر كۈچى بىلەن زېمىنىڭلاردىن چىقىرىۋېتىش ۋە سىلەرنىڭ ئۈلگىلىك تۇرمۇش يولۇڭلارنى يوقىتىپ تاشلاشتۇر»**[4]

يۇقىرىقى بۇ بارلىق ئايەتلەرنى تەرتىپ بويىچە ئوقۇپ چىقىدىغان بولساق، شۇنى ئوچۇق بىلىۋالالايمىزكى، رۇبۇبىيەت ھەققىدە دۇنيانىڭ ھەممىلا يېرىدىكى ئوخشاش بولمىغان قەۋملەر ئارىسىدا ئەزەلدىن داۋاملىشىپ

---

[1] سۈرە شۇئەرا 23 ـ 29 ـ ئايەت.

[2] سۈرە تاھا 57 ـ ئايەت.

[3] سۈرە غافىر 26 ـ ئايەت.

[4] سۈرە تاھا 63 ـ ئايەت.

كىلىۋاتقان ئاشۇ ئازغۇنلۇق نىل ساھىللىرىغىمۇ زۇلمەتنى يايغان ئىدى. ھەمدە پۈتۈن پەيغەمبەرلەر ئەزەلدىنلا دەۋەت قىلىپ كەلگەن ئاشۇ چاقىرىق تەرەپكە مۇسا ۋە ھارۇن ئەلەيھىسسالاملارمۇ كىشىلەرنى چاقىرغان ئىدى.

## يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار

پىرئەۋن قەۋمىدىن كېيىن كۆز ئالدىمىزغا يەھۇدىزمنى ۋە خرىستىئانلىقنى تاللىۋالغان بەنى ئىسرائىل قەۋمى بىلەن يەنە باشقا قەۋملەر ئۇچرايدۇ. ئۇلارغا نىسبەتەن «ئاللاھنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئىنكار قىلامدىغاندۇ؟ ياكى ئاللاھنىڭ رەب ھەم ئىلاھ ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلمامدىغاندۇ؟» دېگەندەك گۇمانلاردا بولۇشقا قەتئىي ئىمكان يوق. چۈنكى قۇرئان كەرىم ئۇلارنىڭ ئەھلى كىتاب ئىكەنلىكىنى تەستىقلىغان. شۇڭا ئالدى بىلەن ئۇلارنىڭ رۇبۇبىيەتكە ئالاقىدار قايسى خىل خاتا ئەقىدە، ئەمەل تەرزىگە ئاساسەن قۇرئان كەرىمنىڭ ئۇلارنى «ئازغۇن قەۋم» دەپ قارار قىلغانلىقىغا قاراپ چىقىشىمىز لازىم. قۇرئان كەرىم بۇنىڭغا يىغىنچاق قىلىپ مۇنداق جاۋاب بېرىدۇ:

«قُلْ يَا أَهْلَ الْكِتَابِ لاَ تَغْلُواْ فِي دِينِكُمْ غَيْرَ الْحَقِّ وَلاَ تَتَّبِعُواْ أَهْوَاء قَوْمٍ قَدْ ضَلُّواْ مِن قَبْلُ وَأَضَلُّواْ كَثِيرًا وَضَلُّواْ عَن سَوَاء السَّبِيلِ»

**«ئېيتقىنكى، «ئى ئەھلى كىتابلار! دىنىڭلاردا ھەقسىز رەۋىشتە چەكتىن ئېشىپ كەتمەڭلار، ئىلگىرى ئۆزلىرى ئازغان ۋە نۇرغۇن كىشىلەرنى ئازدۇرغان**

**ھەمدە «ساۋائەسسەبىل» (يەنى توغرا، ئوتتۇرا يول) دىن ئاداشقان قەۋمنىڭ نەپسى خاھىشلىرىغا ئەگەشمەڭلار›.»**[1]

بۇنىڭدىن يەھۇدىيلار بىلەن خىرىستىئان قەۋملەرنىڭ ئازغۇنلۇقى ئەسلىدە خۇددى ئىلگىرىكى قەۋملەرنىڭ ئازغۇنلۇقى بىلەن ئوخشاشلا خاراكتېردە ئىكەنلىكىنى ھەمدە يەنە ئۇلارنىڭ گۇمراھلىقىنىڭ «دىنىدا چەكتىن ئېشىپ كېتىش» يولى بىلەن پەيدا بولغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. قېنى ئەمدى بۇنىڭ تەپسىلاتىنى قۇرئان كەرىمنىڭ قانداق بايان قىلىپ بېرىدىغانلىقىغا قارايلى!

«وَقَالَتِ الْيَهُودُ عُزَيْرٌ ابْنُ اللَّهِ وَقَالَتْ النَّصَارَى الْمَسِيحُ ابْنُ اللَّهِ»

**«يەھۇدىيلار ‹ئۇزەير ئاللاھنىڭ ئوغلىدۇر› دېيىشتى. ناسارالار ‹ھەسىھ ئاللاھنىڭ ئوغلىدۇر› دېيىشتى.»**[2]

«لَقَدْ كَفَرَ الَّذِينَ قَالُواْ إِنَّ اللَّهَ هُوَ الْمَسِيحُ ابْنُ مَرْيَمَ وَقَالَ الْمَسِيحُ يَا بَنِي إِسْرَائِيلَ اعْبُدُواْ اللَّهَ رَبِّي وَرَبَّكُمْ»

**«شۈبھىسىزكى، ‹مەريەمنىڭ ئوغلى ئىيسا ئاللاھتۇر› دېگۈچىلەر كاپىر بولدى، ھالبۇكى ئىيسا ‹ئى بەنى ئىسرائىل قەۋمى! ھەم مېنىڭ رەببىم ھەم سىلەرنىڭمۇ رەببىڭلار بولغان ئاللاھقا ئىبادەت قىلىڭلار› دېگەن ئىدى.»**[3]

«لَقَدْ كَفَرَ الَّذِينَ قَالُواْ إِنَّ اللَّهَ ثَالِثُ ثَلاَثَةٍ وَمَا مِنْ إِلَهٍ إِلاَّ إِلَهٌ وَاحِدٌ» **«شەكسىزكى، ‹ئاللاھ ئۈچ (ئىلاھ) نىڭ بىرىدۇر› دېگۈچىلەر كاپىر بولىدى. ۋەھالەنكى، بىر ئىلاھتىن باشقا ھېچ بىر ئىلاھ يوقتۇر.»** (سۈرە مائىدە 73 ـ ئايەت)

---

[1] سۈرە مائىدە 77 ـ ئايەت.
[2] سۈرە تەۋبە 30 ـ ئايەت.
[3] سۈرە مائىدە، 72 ـ ئايەت.

«وَإِذْ قَالَ اللَّهُ يَا عِيسَى ابْنَ مَرْيَمَ أَأَنتَ قُلتَ لِلنَّاسِ اتَّخِذُونِي وَأُمِّيَ إِلَهَيْنِ مِن دُونِ اللَّهِ قَالَ سُبْحَانَكَ مَا يَكُونُ لِي أَنْ أَقُولَ مَا لَيْسَ لِي بِحَقٍّ»

**«ئاللاھ ‹ئى مەريەم ئوغلى ئىيسا! سەن كىشىلەرگە ئاللاھتىن باشقا مەن بىلەن ئانامنىمۇ ئىلاھ قىلىۋېلىڭلار دېدىڭمۇ؟› دەپ سورايدىغان چاغدا، ئىيسا جاۋاب بېرىپ: ‹سۇبھانەللاھ! (ئى ئاللاھ پۈتۈن ئەيب ـ نۇقسانلاردىن پاكتۇرسەن!) سۆزلەشكە ھەققىم بولمىغان سۆزنى قىلىشقا نېمە ھەددىم بولسۇن...› دەيدۇ» (سۈرە مائىدە 116 ـ ئايەت)**

«مَا كَانَ لِبَشَرٍ أَن يُؤْتِيَهُ اللَّهُ الْكِتَابَ وَالْحُكْمَ وَالنُّبُوَّةَ ثُمَّ يَقُولَ لِلنَّاسِ كُونُوا عِبَادًا لِّي مِن دُونِ اللَّهِ وَلَكِن كُونُوا رَبَّانِيِّينَ بِمَا كُنتُمْ تُعَلِّمُونَ الْكِتَابَ وَبِمَا كُنتُمْ تَدْرُسُونَ. وَلَا يَأْمُرَكُمْ أَن تَتَّخِذُوا الْمَلَائِكَةَ وَالنَّبِيِّينَ أَرْبَابًا أَيَأْمُرُكُم بِالْكُفْرِ بَعْدَ إِذْ أَنتُم مُّسْلِمُونَ»

**«ئاللاھ بىرەر ئىنسانغا كىتابنى، ھېكمەتنى ۋە پەيغەمبەرلىكنى بەرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ كىشىلەرگە: ‹ئاللاھنى قويۇپ ماڭا بەندە بولۇڭلار› دەيدىغان ئىشى بولمايدۇ. ئۇ پەقەت: ‹سىلەر ئوقۇغان كىتابنىڭ تەلىماتلىرىنىڭ تەقەززاسىغا ئۇيغۇن «رەببانى» بولۇڭلار› دەيدۇ. ئۇ ھەرگىزمۇ سىلەرگە: ‹پەرىشتىلەرنى ياكى پەيغەمبەرلەرنى رەب قىلىۋېلىڭلار› دېمەيدۇ. ئەجەبا مۇسۇلمان بولغىنىڭلاردىن كېيىنمۇ بىر پەيغەمبەرنىڭ سىلەرنى كۇپرىغا بۇيرۇشى مۇمكىنمۇ؟»[1]**

بۇ ئايەتلەرگە كۆرە ئەھلى كىتابلارنىڭ بىرىنچى ئازغۇنلۇقى شۇكى، ئۇلار ئەنبىيا، ئەۋلىيا، مالائىكە قاتارلىق ئۇلۇغ زاتلارنى دىنىي سالاھىيەتتە ئىنتايىن يۇقىرى كۆتۈرۈۋېتىش بىلەن مەست ئىدى. ئۇلارنى ئۆزىنىڭ ھەققىي

[1] سۈرە ئال ئىمران 79 ـ 80 ـ ئايەت.



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

مەرتىۋىسىدىن ئۈستۈن كۆتۈرۈپ ئىلاھلىق دەرىجىسىگە يەتكۈزۈپ قويىاتتى. ئىلاھىي ئىشلارغا ئۇلارنىمۇ شېرىك ھەم تەسىر كۆرسەتكۈچى دەپ قارايتتى. ئۇلارغا چوقۇنۇپ، دۇئا قىلىشاتتى. ئۇلارنى تەبىئەتتىن تاشقىرى رۇبۇبىيەتكە ھەسسىدار قىلىپ قويۇپ، ئاتا قىلىش، ياردەم قىلىش، كۈزىتىپ ئاسىراش قاتارلىق ھوقۇقلارغا ساھىب دەپ گۇمان قىلىشاتتى. ئۇلارنىڭ ئىككىنچى ئازغۇنلۇقى بولسا، «اتَّخَذُواْ أَحْبَارَهُمْ وَرُهْبَانَهُمْ أَرْبَابًا مِّن دُونِ اللَّهِ» **«ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئۆلىما، ماشايىخلىرىنى ئاللاھتىن باشقا رەب قىلىۋالدى[1]»** دېگەندىن ئىبارەت ئىدى. يەنى، دىنىي قانۇندا ئاللاھنىڭ شەرىئەت ئەھكامىنى ئېيتىپ بېرىش، ئاللاھنىڭ ئىرادىسىگە ئۇيغۇن شەكىلدە ئەخلاقنى ئىسلاھ قىلىش سالاھىيىتىگە ئىگە زاتلارنى ئاستا ــ ئاستا يۇقىرى سالاھىيەتكە كۆتۈرۈپ، نېمىنى خالىسا، ھالال، نېمىنى خالىسا، ھارام قىلىپ ئۆز ئالدىغا بەلگىلىمە بېكىتەلەيدىغان، ئىلاھىي كىتابنىڭ ھۆججىتىسىزمۇ خالىغانچە ھۆكۈم چىقىرالايدىغان، نېمىنى خالىسا مەنئى قىلىپ، نېمىنى خالىسا سۈننەتكە ئايلاندۇرۇپ قويالايدىغان ھوقۇقلارغا ئىگە قىلىپ قويۇشقان ئىدى. شۇنداق قىلىپ بۇ قەۋملەرمۇ ئوخشاشلا ئىلگىرىكى نۇھ ئەلەيھىسسالام قەۋمى، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام قەۋمى، ئاد ۋە سەمۇد قەۋملىرى شۇنداقلا مەديەن خەلقى قاتارلىق باشقا قەۋملەر مۇپتىلا بولغان ئازغۇنلۇققا پېتىپ قېلىشقان ئىدى. خۇددى شۇلارغا ئوخشاش تەبىئەتتىن تاشقىرى رۇبۇبىيەتتە پىرىشتىلەر بىلەن بۇزرۇكۋار زاتلارنى ئاللاھقا شېرىك قىلىۋېلىشاتتى. خۇددى شۇلارغا ئوخشاش مەدەنىي ۋە سىياسىي رۇبۇبىيەتنى ئاللاھقا ئەمەس، بەلكى ئىنسانلارغا مەخسۇسلاشتۇرۇپ،

---

[1] سۈرە تەۋبە، 31 ــ ئايەت

ئۆزلىرىنىڭ ئەخلاق، مەدەنىيەت، سىياسەت، ئىقتىساد ئۇسۇللىرىنى ئاللاھنىڭ ئەھكاملىرىغا پەرۋا قىلماستىن، ئىنسانلاردىن ھاسىل قىلىشقا باشلىغان ئىدى. ھەتتا ئاخىرىدا، «أَلَمْ تَرَ إِلَى الَّذِينَ أُوتُواْ نَصِيبًا مِّنَ الْكِتَابِ يُؤْمِنُونَ بِالْجِبْتِ وَالطَّاغُوتِ» **«سەن كىتاب ئىلمىدىن ئازراق نېسىۋە بېرىلگەنلەرنى كۆرمىدىڭمۇ؟ ئۇلار جىبت (يەنى ئاساسسىز نەرسە) كە ۋە تاغۇتقا ئىشىنىدۇ[1]»** دېگەن يەرگە ھەممە «قُلْ هَلْ أُنَبِّئُكُم بِشَرٍّ مِّن ذَلِكَ مَثُوبَةً عِندَ اللّهِ مَن لَّعَنَهُ اللّهُ وَغَضِبَ عَلَيْهِ وَجَعَلَ مِنْهُمُ الْقِرَدَةَ وَالْخَنَازِيرَ وَعَبَدَ الطَّاغُوتَ أُوْلَئِكَ شَرٌّ مَّكَاناً وَأَضَلُّ عَن سَوَاء السَّبِيلِ» **«ئېيتقىنكى، سىلەرگە پاسىقلاردىن ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا بۇنىڭدىنمۇ يامان ئاقىۋەتلىك كىشىلەرنى ئېيتىپ بېرەيمۇ؟ ئاللاھ ئۇلارغا لەنەت قىلغان، ئاللاھنىڭ غەزىپى ئۇلارغا ياغقان، ئاللاھ ئۇلارنىڭ تاغۇتقا بەندىچىلىك قىلغان بىر قىسمىنى مايمۇن ۋە چوشقىغا ئايلاندۇرغان، ئەنە شۇلارنىڭ ئورنى ئەڭ ياماندۇر، ئۇلار «سەۋائەسسەبىل»دىن (يەنى توغرا، ئوتتۇرا يولدىن) ئەڭ ئاداشقانلاردۇر»** دېگەن يەرگىچە يېتىپ كەلگەن ئىدى.

ئايەتتىكى «جىبت» دېگەن سۆز پۈتۈن خۇراپات، دەقيانۇسلۇقلارغا ئىشلىتىلگەن ئىخچام سۆز بولۇپ، سېھىرگەرلىك، جادۇگەرلىك، پالچىلىق، داخانلىق، نوجۇمكەشلىك، يىرىشىش ۋە ياراشماشلىق تەسەۋۋۇرى، غەيرىي تەبىئىي تەسراتلار دېگەندەك خۇراپاتلىقلارنىڭ پۈتۈن تۈرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. «تاغۇت» دېگەن سۆز ئاللاھقا قارشى ئاسىيلىق يولىنى تۇتقان ھەر بىر شەخس ۋە ئىدارە، ئورگانلارنى شۇنداقلا بەندىچىلىكنىڭ چېكىدىن ئېشىپ، مۇستەبىتلىك بايرىقىنى كۆتۈرۈپ چىققانلارنى بىلدۈرىدۇ.

---

① سۈرە نىسا، 51 ـ ئايەت

قىسقىسى، يەھۇدىيلار بىلەنناسارالار يۇقىرىقى ھەر ئىككى خىل ئازغۇنلۇققا تەڭ پاتقان بولۇپ، بىرىنچى خىل ئازغۇنلۇق نەتىجىسىدە ھەر تۈردىكى خۇراپاتلار ئاستا ـ ئاستا ئۇلارنىڭ قەلب، ئىدىيىلىرىنى ئىشغال قىلغان بولسا، ئىككىنچى خىل ئازغۇنلۇق نەتىجىسىدە ئۇلار ئۆلىما، ماشايىخ، راھىب، كاالانلىرىغا بەندىچىلىك قىلىشتىن ھالقىپ، ئوچۇق ئاشكارا ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلىۋاتقان مۇستەبىت ھۆكۈمدار، زالىملارغا بەندىچىلىك قىلىدىغان يەرگە يەتكەن ئىدى.

## ئەرەب مۇشرىكلىرى

قېنى ئەمدى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلگەن ھەمدە قۇرئاننىڭ دەسلەپكى مۇخاتەبلىرى بولغان ئەرەپ مۇشرىكلىرىگە قاراپ باقايلى! ئۇلار رۇبۇبىيەت بابىدا قانداق خاراكتېردىكى ئازغۇنلۇققا پاتقان؟ ئەجەبا ئۇلارمۇ ئاللاھنى بىلمەمتى؟ ياكى ئاللاھنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئىنكار قىلامتى؟ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا ئاللاھنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى تونۇتۇش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەنمىدى؟ ئۇلار ئاللاھنى «رەب» ۋە «ئىلاھ» دەپ ئېتىراپ قىلمامتى؟ قۇرئان كەرىم ئاللاھ تائالانىڭ ئىلاھلىقىغا ۋە رەبلىكىگە ئۇلارنى قايىل قىلىش ئۈچۈن نازىل قىلىنغانمىدى؟ ئۇلار ئاللاھقا چوقۇنۇپ ئىبادەت قىلىشتىن باش تارتامتى؟ ئەجەبا ئۇلار ئاللاھنى دۇئالارنى ئىجابەت قىلغۇچى، ھاجەتنى راۋا قىلغۇچى دەپ چۈشىنەمتى؟ ئۇلارنىڭ قارىشىچە لات، مەنات، ئۇززا، ھۇبەل ۋە باشقا مەبۇدلار كائىناتنىڭ ھەقىقىي ياراتقۇچىسى، خوجايىنى، رىزىقلاندۇرغۇچىسى

ۋە تەرتىپكە سېلىپ ئىدارە قىلغۇچىسى بولۇپ ھېسابلىنامتى؟ ياكى ئۇلار ئۆز مەبۇدلىرىنى قانۇن مەنبەسى، ئەخلاق، مەدەنىيەتكە دائىر يوليورۇق ھەم يېتەكچىلىكنىڭ سەرچەشمىسى دەپ ئويلامتى؟

بۇ سوئاللارنىڭ ھەربىرىگە قۇرئان كەرىم «ياق!» دەپلا جاۋاب بېرىدۇ. قۇرئان كەرىم بىزگە ئەرەب خەلقىنىڭ ئاللاھنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا قايىل بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۆزلىرىنىڭ ۋە پۈتۈن كائىناتنىڭ شۇنداقلا مەبۇدلىرىنىڭمۇ ياراتقۇچىسى ئىكەنلىكىنى، ئاللاھنىڭ ئەڭ يۈكسەك خوجايىن ۋە ئالىي رەب ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىدىغانلىقىنى، ئاللاھنى «ئىلاھ» ۋە «رەب» دەپ تونۇيدىغانلىقىنى، مۇسىبەت ھەم قىيىنچىلىقلاردا ئۇلارنىڭ ئاخىرقى مەدەت تايانچى يەنە شۇ ئاللاھ ھېسابلىنىدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ ئاللاھقا چوقۇنۇپ ئىبادەت قىلىشتىنمۇ باش تارتمايدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ ئۆز مەبۇدلىرىغا بولغان ئەقىدىسى ھەرگىزمۇ ئۇلارنى كائىناتنىڭ ياراتقۇچىسى ۋە رىزىقلاندۇرغۇچىسى دەپ قاراش ئەمەسلىكىنى ھەمدە ئەخلاق، مەدەنىيەتكە دائىر مەسىلىلەردىمۇ ئۆز مەبۇدلىرىنى يوليورۇق بېرىپ، يېتەكچىلىك قىلىدۇ دەپ ئويلىمايدىغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىدۇ. تۆۋەندىكى ئايەتلەر بۇنىڭ ئوچۇق ئىسپاتى:

«قُل لِّمَنِ الْأَرْضُ وَمَن فِيهَا إِن كُنتُمْ تَعْلَمُونَ. سَيَقُولُونَ لِلَّهِ قُلْ أَفَلَا تَذَكَّرُونَ. قُلْ مَن رَّبُّ السَّمَاوَاتِ السَّبْعِ وَرَبُّ الْعَرْشِ الْعَظِيمِ. سَيَقُولُونَ لِلَّهِ قُلْ أَفَلَا تَتَّقُونَ. قُلْ مَن بِيَدِهِ مَلَكُوتُ كُلِّ شَيْءٍ وَهُوَ يُجِيرُ وَلَا يُجَارُ عَلَيْهِ إِن كُنتُمْ تَعْلَمُونَ. سَيَقُولُونَ لِلَّهِ قُلْ فَأَنَّى تُسْحَرُونَ. بَلْ أَتَيْنَاهُم بِالْحَقِّ وَإِنَّهُمْ لَكَاذِبُونَ»

«ئۇلارغا دېگىنكى، ‹ئەگەر سىلەر بىلسەڭلار، قېنى ئېيتىڭلارچۇ! زېمىن ۋە ئۇنىڭدىكى مەخلۇقاتلار كىمنىڭ؟› ئۇلار: «ئاللاھنىڭ» دەيدۇ. سەن ئۇلارغا ‹ئۇنداقتا نېمە دەپ ھوشىڭلارنى تاپمايسىلەر؟› دېگىن.»

ئۇلاردىن سورىغىنكى، «يەتتە ئاسمانىنىڭ ۋە ئۇلۇغ ئەرشنىڭ پەرۋەردىگارى كىم؟» ئۇلار «ئاللاھ» دەيدۇ. سەن «نېمە ئۈچۈن قورقمايسىلەر؟» دېگىن.

ئۇلارغا ئېيتقىنكى، «ئەگەر سىلەر بىلىدىغان بولساڭلار، قېنى ئېيتىڭلارچۇ! ھەممە شەيئىنىڭ پادىشاھلىقى كىمنىڭ قولىدا؟ (ئىلتىجا قىلغانلارغا) پاناھ بولالايدىغان ۋە ئۇنىڭغا قارشى ھېچ نەرسە پاناھ بولالمايدىغان كىم؟» ئۇلار چوقۇم: «بۇنىڭ ھەممىسى ئاللاھقا خاس» دەيدۇ. ئېيتقىنكى، «ئۇنداقتا سىلەر قانداقسىگە قايمۇقتۇرۇلىسىلەر؟»

بەلكى بىز ئۇلارنىڭ ئالدىغا ھەق سۆزنى ئېلىپ كەلدۇق، شەكسىزكى ئۇلار چوقۇم يالغانچىلاردۇر.»[1]

«هُوَ الَّذِي يُسَيِّرُكُمْ فِي الْبَرِّ وَالْبَحْرِ حَتَّى إِذَا كُنتُمْ فِي الْفُلْكِ وَجَرَيْنَ بِهِم بِرِيحٍ طَيِّبَةٍ وَفَرِحُواْ بِهَا جَاءتْهَا رِيحٌ عَاصِفٌ وَجَاءهُمُ الْمَوْجُ مِن كُلِّ مَكَانٍ وَظَنُّواْ أَنَّهُمْ أُحِيطَ بِهِمْ دَعَوُاْ اللّهَ مُخْلِصِينَ لَهُ الدِّينَ لَئِنْ أَنجَيْتَنَا مِنْ هَذِهِ لَنَكُونَنَّ مِنَ الشَّاكِرِينَ. فَلَمَّا أَنجَاهُمْ إِذَا هُمْ يَبْغُونَ فِي الأَرْضِ بِغَيْرِ الْحَقِّ»

«ئەنە شۇ ئاللاھ سىلەرنى قۇرۇقلۇقتا ۋە دېڭىزدا ماڭدۇرىدۇ، ھەتتا سىلەر كېمىدە ئولتۇرۇپ مەيىن شامالدا مېڭىۋاتقان ۋە شامالدىن خۇشاللىنىۋاتقان پەيتتە، بىردىنلا بوران چىقىپ، تەرەپ ـ تەرەپتىن

[1] سۈرە مۆئمىنۇن 84 ـ 90 ـ ئايەت.

www.uyghurkitap.com

كۆتۈرۈلۈۋاتقان دېڭىز دولقۇنلىرى كۆچىيىشكە باشلايدۇ، سىلەر ئاپەتنىڭ ئىچىدە قالغانلىقىڭلارغا جەزمى قىلىسىلەر، شۇنىڭ بىلەن ھەممىيىلەن ئۆز ئېتىقادىنى ئاللاھقىلا خاسلاشتۇرغان ھالدا «ئى خۇدا! ئەگەر سەن بىزنى بۇ بالادىن قۇتۇلدۇرساڭ، بىز چوقۇم شۈكۈر قىلغۇچى بەندىلەردىن بولىمىز» دەپ چىن ئىخلاس بىلەن دۇئا قىلىدۇ. لېكىن ئاللاھ ئۇلارنى (بالادىن) قۇتقۇزغاندىن كېيىن، ئۇلار يەر يۈزىدە ھەقتىن بويۇن تارتىپ ئاسىيلىق قىلىدۇ.» (سۈرە يۇنۇس 22 ـ 23 ـ ئايەت)

«وَإِذَا مَسَّكُمُ الضُّرُّ فِي الْبَحْرِ ضَلَّ مَن تَدْعُونَ إِلاَّ إِيَّاهُ فَلَمَّا نَجَّاكُمْ إِلَى الْبَرِّ أَعْرَضْتُمْ وَكَانَ الإِنْسَانُ كَفُورًا»

«دېڭىزدا سىلەرگە بىرەر ئاپەت كەلگەن چاغدا، ئاشۇ بىرلا رەببىڭلاردىن باشقا سىلەر چوقۇنۇۋاتقان مەبۇدلارنىڭ ھەممىسى غايىپ بولىدۇ. لېكىن ئاللاھ سىلەرنى قۇتقۇزۇپ، (ئامان ـ ئېسەن) قۇرۇقلۇققا يەتكۈزۈپ قويغاندا بولسا، سىلەر ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈيسىلەر. ئىنسان ھەقىقەتەنمۇ ناھايىتى ناشۈكۈردۇر.» (سۈرە بەنى ئىسرائىل 67 ـ ئايەت)

ئۇلارنىڭ ئۆز ئىلاھلىرىغا بولغان تەسەۋۋۇرلىرىنى قۇرئان كەرىم دەل ئۇلارنىڭ تىلى بىلەن مۇنداق نەقىل كەلتۈرىدۇ:

«وَالَّذِينَ اتَّخَذُوا مِن دُونِهِ أَوْلِيَاء مَا نَعْبُدُهُمْ إِلَّا لِيُقَرِّبُونَا إِلَى اللَّهِ زُلْفَى»

«ئاللاھنى قويۇپ ئۇنىڭدىن باشقىنى باشپاناھ قىلىۋالغانلار (ئۆزلىرىنىڭ بۇ قىلمىشىنى چۈشەندۈرۈپ): ‹بىزنىڭ ئۇلارغا چوقۇنۇشىمىز پەقەت ئۇلارنىڭ بىزنى ئاللاھقا يېقىنلاشتۇرۇشى ئۈچۈندۇر› (دەيدۇ)»[1]

[1] سۈرە زۇمەر 3 ـ ئايەت.

«وَيَقُولُونَ هَؤُلاء شُفَعَاؤُنَا عِندَ اللّهِ»

**«بۇلار ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا بىزگە شاپائەت قىلغۇچىلاردۇر، دېيىشىدۇ»** (سۈرە يۇنۇس 18 ـ ئايەت)

ئۇلار يەنە ئۆز مەبۇدلىرىنى «بۇلار تۇرمۇش مەسىلىلىرىمىزدە بىزگە ھىدايەت بەخش ئېتىدۇ» دەپمۇ ئويلىمايتتى. شۇڭا سۈرە يۇنۇسنىڭ 35 ـ ئايىتىدە ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ھۆكۈم قىلىپ، «قُلْ هَلْ مِن شُرَكَآئِكُم مَّن يَهْدِي إِلَى الْحَقِّ» **«ئېيتقىنكى، ‹سىلەرنىڭ بۇتلىرىڭلارنىڭ ئارىسىدا ھەق يولغا يېتەكلىيەلەيدىغانلار بارمۇ؟›»** دەيدۇ. ئەمما ئۇلار بۇ سوئالنى ئاڭلاپ، سۈكۈتكە چۆكىدۇ. ئۇلاردىن ھېچبىرى «ھەئە، بار، مانا بۇ لات، مانا بۇ مانات، ياكى مانا بۇ ئۇززا ۋەياكى باشقىلار پىكىر ۋە ئەمەلنىڭ توغرا يولىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ، بىزگە دۇنيا ھاياتىدا ئادالەت ۋە تىنچ ـ ئامانلىقنىڭ قائىدىلىرىنى ئۆگىتىدۇ، ئۇلارنىڭ ئىلىم مەنبەسىدىن بىز كائىناتنىڭ ئاساسلىق ھەقىقەتلىرىنى تونۇپ يېتىمىز» دەپ جاۋاب بېرىشكە جۈرئەت قىلالمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ تائالا ئۆز پەيغەمبىرىگە خىتاب قىلىپ، «قُلِ اللّهُ يَهْدِي لِلْحَقِّ أَفَمَن يَهْدِي إِلَى الْحَقِّ أَحَقُّ أَن يُتَّبَعَ أَمَّن لاَّ يَهِدِّيَ إِلاَّ أَن يُهْدَى فَمَا لَكُمْ كَيْفَ تَحْكُمُونَ» **«ئېيتقىنكى، ‹پەقەت بىرلا ئاللاھ ھەق يولغا يېتەكلىيەلەيدۇ، (ئېيتىپ بېقىڭلارچۇ!) ھەق يولغا يېتەكلىيەلەيدىغان زاتقا بويسۇنۇشقا تېگىشلىكمۇ؟ ياكى ھەق يولغا يېتەكلىيەلمەيدىغان، پەقەت ئۆزى باشقىلارنىڭ يېتەكلىشىگە موھتاج بولغانلارغا بويسۇنۇشقا تېگىشلىكمۇ؟ سىلەرگە نېمە بولدى؟ نېمىشقا مۇنداق (باتىل) ھۆكۈم چىقىرىسىلەر؟› دەيدۇ.[1]»**

[1] سۈرە يۇنۇس، 35 ئايەت

بۇ چۈشەندۈرۈشلەردىن كېيىن ئەمدىلىكتە ھەل قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلە «ئۇنداقتا ئاللاھ تائالا پەيغەمبىرىنى ئەۋەتىپ، كىتاب نازىل قىلىش ئارقىلىق ئىسلاھ قىلماقچى بولغان ئۇلارنىڭ رۇبۇبىيەتكە دائىر ئازغۇنلۇقى زادى نېمىلەردىن ئىبارەت ئىدى؟» دېگەن سوئال بولۇپ، بىز بۇ سوئالنى تەتقىق قىلىش ئۈچۈن قۇرئان كەرىمگە كۆز يۈگۈرتكىنىمىزدە، ئۇلارنىڭ ئەقىدە ئەمەللىرىدە خۇددى ئىلگىرىكى قەۋملەردىكىگە ئوخشاشلا تۆپ ئاساسى خاتالىقلارنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى بايقايمىز.

يەنى، بىرىنچىدىن، ئۇلار تەبىئەتتىن تاشقىرى رۇبۇبىيەت ۋە ئىلاھىيەتتە ئاللاھقا باشقا مەبۇت، ئەربابلىرىنى شېرىك قىلىۋېلىپ، «سەۋەبلەر ئالىمى ئۈستىدىكى ھۆكۈمرانلىقتا پەرىشتە ۋە ئۇلۇغ بۇزرۇكۋار ئىنسانلارنىڭمۇ شۇنداقلا بۇرج، يۇلتۇزلارنىڭمۇ مەلۇم ھەق ـ ھوقۇق، ئىختىيارلىقلىرى ھەم تەسىرلىرى مەۋجۇد» دەپ چۈشىنەتتى ۋە شۇ ئاساستا مەدەت تىلەش، بەندىچىلىك پائالىيەتلىرىنى بەجا كەلتۈرۈش قاتارلىق ئىشلاردا پەقەت ئاللاھ تائالاغىلا مۇراجىئەت قىلماستىن، بەلكى ئاشۇ ساختا، ئويدۇرما مەبۇد، خۇدالارغىمۇ مۇراجىئەت قىلاتتى.

ئىككىنچىدىن، مەدەنىيەت ۋە سىياسەت جەھەتتىكى رۇبۇبىيەت بابىدا ئۇلارنىڭ ئىدىيىسى «ئاللاھ تائالا مۇشۇ مەنىدىمۇ ئىلاھ ۋە رەببۇر» دېگەن تەسەۋۋۇردىن پۈتۈنلەي خالىي ئىدى. ئۇلار بۇ مەنىدە ئۆزلىرىنىڭ دىنىي پېشىۋالىرىنى، قەبىلە سەردارلىرى ۋە خانىدان چوڭلىرىنى رەب قىلىۋېلىشقان بولۇپ، ئەنە شۇلاردىن تۇرمۇش تۈزۈملىرىنى ھاسىل قىلاتتى. شۇڭا ئۇلارنىڭ بىرىنچى خىل ئازغۇنلۇقىغا نىسبەتەن قۇرئان كەرىم:

«وَمِنَ النَّاسِ مَن يَعْبُدُ اللَّهَ عَلَى حَرْفٍ فَإِنْ أَصَابَهُ خَيْرٌ اطْمَأَنَّ بِهِ وَإِنْ أَصَابَتْهُ فِتْنَةٌ انقَلَبَ عَلَى وَجْهِهِ خَسِرَ الدُّنْيَا وَالْآخِرَةَ ذَلِكَ هُوَ الْخُسْرَانُ الْمُبِينُ. يَدْعُو مِن دُونِ اللَّهِ مَا لَا يَضُرُّهُ وَمَا لَا يَنفَعُهُ ذَلِكَ هُوَ الضَّلَالُ الْبَعِيدُ. يَدْعُو لَمَن ضَرُّهُ أَقْرَبُ مِن نَّفْعِهِ لَبِئْسَ الْمَوْلَى وَلَبِئْسَ الْعَشِيرُ»

«كىشىلەرنىڭ بەزىسى ئاللاھ سۆيەرلىكنىڭ چېگرا بويىدا تۇرۇپ ئاللاھقا ئىبادەت قىلىدۇ، ئەگەر ئۇنىڭغا مەنپەئەت يەتسە، كۆڭلى تىنىدۇ، ئەگەر ئۇنىڭغا مۇسىبەت يەتسە تەتۈر ئۆرۈلۈۋالىدۇ. ئۇ كىشى دۇنيانى ۋە ئاخىرەتنىمۇ تەڭ زىيان تارتىدۇ، مانا بۇ روشەن زىياندۇر. ئۇ يەنە ئاللاھتىن يۈز ئۆرۈپ، نە پايدا، نە زىيان يەتكۈزۈش قۇدرىتى بولمىغانلارغا چوقۇنىدۇ، مانا بۇ چوڭقۇر گۇمراھلىقتۇر. ئۇ پايدىسىدىن زىيىنى يېقىن بولغان نەرسىگە تىۋىنىدۇ، ئۇ (يەنى ئۇنىڭ چوقۇنغىنى) نېمىدېگەن يامان باشپاناھ، نېمە دېگەن يامان ھەمراھ؟!» (سۈرە ھەج 11 ـ 13)

«وَيَعْبُدُونَ مِن دُونِ اللَّهِ مَا لاَ يَضُرُّهُمْ وَلاَ يَنفَعُهُمْ وَيَقُولُونَ هَؤُلاءِ شُفَعَاؤُنَا عِندَ اللَّهِ قُلْ أَتُنَبِّئُونَ اللَّهَ بِمَا لاَ يَعْلَمُ فِي السَّمَاوَاتِ وَلاَ فِي الأَرْضِ سُبْحَانَهُ وَتَعَالَى عَمَّا يُشْرِكُونَ»

ئۇلار ئاللاھنى قويۇپ، ئۆزلىرىگە نە پايدا، نە زىيان يەتكۈزەلمەيدىغان نەرسىلەرگە چوقۇنىدۇ، ۋە «بۇلار ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا بىزگە شاپائەت قىلغۇچىلاردۇر» دېيىشىدۇ، ئى پەيغەمبەر ئۇلارغا ئېيتقىنكى، «ئەجەبا سىلەر ئاللاھنىڭ ئىلمىغا كۆرە نە ئاسمانلاردا، نە زېمىندا مەۋجۇتلۇقى بولمىغان نەرسىلەردىن ئاللاھنى

www.uyghurkitap.com

خەۋەرلەندۈرمەكچىمۇ؟ ئاللاھ ئۇلارنىڭ شېرىك كەلتۈرگەن نەرسىلىرىدىن پاكتۇر ۋە يۈكسەكتۇر.»[1]

«قُلْ أَئِنَّكُمْ لَتَكْفُرُونَ بِالَّذِي خَلَقَ الْأَرْضَ فِي يَوْمَيْنِ وَتَجْعَلُونَ لَهُ أَندَادًا»

«ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا ئېيتقىنكى: ‹سىلەر زېمىننى ئىككى كۈندە ياراتقان ئاللاھنى ئىنكار قىلامسىلەر ۋە ئۇنىڭغا شېرىك كەلتۈرەمسىلەر؟›»[2]

«قُلْ أَتَعْبُدُونَ مِن دُونِ اللَّهِ مَا لاَ يَمْلِكُ لَكُمْ ضَرًّا وَلاَ نَفْعًا وَاللَّهُ هُوَ السَّمِيعُ الْعَلِيمُ»

ئۇلارغا ئېيتقىنكى، «سىلەر ئاللاھتىن باشقا، سىلەرگە پايدا ـ زىيان يەتكۈزۈشكە قادىر بولالمايدىغان بىرىگە چوقۇنامسىلەر؟ ھالبۇكى ئاللاھ بولسا ھەممە نەرسىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر.» (سۈرە مائىدە 76 ـ ئايەت)

«وَإِذَا مَسَّ الْإِنسَانَ ضُرٌّ دَعَا رَبَّهُ مُنِيبًا إِلَيْهِ ثُمَّ إِذَا خَوَّلَهُ نِعْمَةً مِّنْهُ نَسِيَ مَا كَانَ يَدْعُو إِلَيْهِ مِن قَبْلُ وَجَعَلَ لِلَّهِ أَندَادًا لِّيُضِلَّ عَن سَبِيلِهِ»

«ئىنسانغا بىرەر زىيان ـ زەخمەت يەتسە، پەرۋەردىگارىغا يۈزلەنگەن ھالدا ئۇنىڭغا دۇئا قىلىدۇ، ئاندىن ئاللاھ ئۆز تەرىپىدىن ئۇنىڭغا نېمەت ئاتا قىلغان چاغدا، ئۇ كۆتۈرۈۋېتىش توغرۇلۇق ئاللاھقا دۇئا قىلغان ھېلىقى زىيان ـ زەخمەتنى ئۇنتۇپ كېتىدۇ ھەمدە ئاللاھقا شېرىكلەرنى كەلتۈرىدۇ[3]، تاكى باشقىلارنى ئاللاھنىڭ يولىدىن ئازدۇرۇش ئۈچۈن.» (سۈرە زۇمەر 8 ـ ئايەت)

---

[1] سۈرە يۇنۇس 18 ـ ئايەت.

[2] سۈرە ھام مىم سەجدە 9 ـ ئايەت.

[3] يەنى ئاللاھقا تەڭلەشتۈرۈۋالىدۇ. «بۇ مۇسىبەتلەر پالانى ھەزرىتىمنىڭ بەرىكاتىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتتى، بۇ نېمەت يوكونى ھەزرىتىمنىڭ ئىنايىتى بىلەن نىسىپ بولدى» دېيىشكە باشلايدۇ.

«وَمَا بِكُم مِّن نِّعْمَةٍ فَمِنَ اللّهِ ثُمَّ إِذَا مَسَّكُمُ الضُّرُّ فَإِلَيْهِ تَجْأَرُونَ. ثُمَّ إِذَا كَشَفَ الضُّرَّ عَنكُمْ إِذَا فَرِيقٌ مِّنكُم بِرَبِّهِمْ يُشْرِكُونَ. لِيَكْفُرُواْ بِمَا آتَيْنَاهُمْ فَتَمَتَّعُواْ فَسَوْفَ تَعْلَمُونَ. وَيَجْعَلُونَ لِمَا لاَ يَعْلَمُونَ نَصِيبًا مِّمَّا رَزَقْنَاهُمْ تَاللّهِ لَتُسْأَلُنَّ عَمَّا كُنتُمْ تَفْتَرُونَ»

**«سىلەر بەھرىمەن بولۇۋاتقان نېمەتلەرنىڭ ھەممىسىنى ئاللاھ بەرگەن، سىلەرگە بىرەر ئېغىرچىلىق يەتسە، يەنە يالۋۇرۇپ ئاللاھ تەرەپكە يۈزلىنىسىلەر. ئاللاھ سىلەردىن مۇسىبەتنى كۆتۈرۈۋەتسە، ئاراڭلاردىن بىر بۆلۈك كىشىلەر ئۆز پەرۋەردىگارىنىڭ (بۇ مۇشكۈل كۈنلەردىن قۇتقۇزۇشتا) دەرھال باشقىلارنى شېرىك كەلتۈرۈشكە باشلايدۇ ـ دە، ئاللاھنىڭ قىلغان ئېھسانلىرىغا ناشۈكۈرلۈك قىلىدۇ، قېنى يايرىۋېلىڭلار! ئۇزاققا قالماي بۇنىڭ ئاقىۋىتىنى بىلىپ قالىسىلەر. ئۇلار (ئاشۇ) ھەقىقەتنى بىلمەيدىغانلارغىمۇ (يەنى مەبۇدلىرىغىمۇ) بىز بەرگەن رىزىقتىن نېسىۋە ئايرىيدۇ[1]، ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، سىلەر چوقۇم بۇ يالغان ئويدۇرمىچىلىق قىلغانلىقىڭلار ئۈچۈن جاۋابكارلىققا تارتىلىسىلەر.»**[2] دەپ گۇۋاھلىق بەرسە، ئىككىنچى خىل ئازغۇنلۇققا نىسبەتەن:

«وَكَذَلِكَ زَيَّنَ لِكَثِيرٍ مِّنَ الْمُشْرِكِينَ قَتْلَ أَوْلاَدِهِمْ شُرَكَآؤُهُمْ لِيُرْدُوهُمْ وَلِيَلْبِسُواْ عَلَيْهِمْ دِينَهُمْ»

**«شۇنىڭدەك، مۇشرىكلارنىڭ شېرىكلىرى (يەنى رەب قىلىۋالغانلىرى) ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكىگە ئۆز ئەۋلادلىرىنى ئۆلتۈرۈشنى يېقىملىق كۆرسەتتى،**

---

[1] يەنى ئۇلار ھېچ بىر ئىلمىي ئاساسلار بىلەن راستىنلا مۇشكۈلنى ئاسان قىلغۇچى، مۇسىبەتنى يىراق قىلغۇچى ئىكەنلىكى ئىسپاتلىنىپ باقمىغان نەرسىلەرگە شۈكۈر ئېيتىش ئۈچۈن يوپۇق يېپىش، نەزرە، چىراق قىلىش قاتارلىق پائالىيەتلەرنى ئۆتكۈزۈپ يۈرۈيدۇ، قىزىق يېرى شۈكى، بۇ ئىشلار ئۈچۈنمۇ دەل بىز ئاتا قىلغان رىزىقلارنى سەرپ قىلىدۇ.

[2] سۈرە نەھل 53 ـ 56 ـ ئايەت.

**(بۇ ئارقىلىق) ئۇلارنى ھالاكەتكە مۇپتىلا قىلماقچى بولىدى ۋە دىنىنى گۇمانلىق قىلىپ قويماقچى بولدى.»**[1] دەپ كۆۋاھلىق بېرىدۇ.

ئېنىقكى بۇ يەردىكى شېرىكلىرى دېگەن سۆز بۇت ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ پېشىۋالىرى ۋە رەھنىما، يولباشچىلىرى بولۇپ، ئۇلار ئەرەب خەلقىگە نىسبەتەن ئۆز پەرزەنتىنى ئۆلتۈرۈشنى ياخشىلىققا ۋە ناھايىتى ئېسىل پەزىلەتلىك ئىشقا ئايلاندۇرۇپ قويۇپ ئىبراھىم ۋە ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىغا ئىنتايىن قەبىھ ئادەتلەرنى سىڭدۇرۇپ قويغان ئىدى. شۇنىسىمۇ ئېنىقكى، بۇ يەردە ئۇلارنى «ئاللاھقا شېرىك» دەپ ئاتىغانلىق قانداقتۇر «ئەرەب خەلقى ئۆز رەھبەرلىرىنى سەۋەبلەر ئالىمىگە ھۆكۈمران دەپ چۈشىنىدۇ» دېگەن مەنىدىن، ياكى «شۇلارغا چوقۇنۇپ، شۇلارغا دۇئا قىلىپ يۈرۈيدۇ» دېگەن مەنىدىن ئەمەس، بەلكى ئۆز رەھبەرلىرىنى جەمئىيەت، مەدەنىيەت ئەخلاق ۋە دىنىي مەسىلىلەردە خالىغانچە قانۇن چىقىرىش ھوقۇقىغا ئىگە، دەپ تونۇيدىغانلىقى مەنىسىدىن «رۇبۇبىيەت بىلەن ئىلاھىيەتكە شېرىك قىلىشۋالغان» دېيىلمەكتە.

«أَمْ لَهُمْ شُرَكَاء شَرَعُوا لَهُم مِّنَ الدِّينِ مَا لَمْ يَأْذَن بِهِ اللَّهُ»

**«ئۇلارنىڭ ئاللاھ رۇخسەت قىلمىغان نەرسىلەرنى دىن تۈرىدىكى قانۇن قىلىپ بېكىتكەن مەبۇدلىرى بارمۇ؟»**[2]

«دىن» دېگەن سۆزنىڭ شەرھىسى ئالدىمىزدا تەپسىلىي بايان قىلىنىدۇ ھەمدە شۇ جايدا بۇ ئايەتنىڭ مەنىسىمۇ تولۇق ئايدىڭلىشىدۇ. ئەمما بۇ

---

[1] سۈرە ئەنئام 137 ــ ئايەت.

[2] سۈرە شورا 21 ــ ئايەت.

يەردە ھېچ بولمىغاندا شۇنى ئوچۇق بىلىپ يېتەلەيمىزكى، ئۇلارنىڭ پىشىۋا، سەردارلىرىنىڭ دىن خاراكتېرىدىكى قائىدە، قانۇن ــ تۈزۈملەرنى ئاللاھنىڭ رۇخسىتىسىز بەلگىلىشى، شۇنداقلا ئەرەب خەلقىنىڭمۇ ئاشۇ قائىدە، قانۇنلارنى ئۆزىگە «تەقلىد قىلىش ۋاجىپ» دەپ ئېتىراپ قىلىشى، دەل رۇبۇبىيەت ۋە ئىلاھىيەتكە ئۇلارنىڭ شېرىك بولۇۋالغانلىقى ھەمدە ئۇلارنى ئەرەب خەلقىنىڭمۇ «ئاللاھقا شېرىك» دەپ قوبۇل قىلغانلىقى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

## قۇرئانى كەرىمنىڭ رۇبۇبىيەتكە دائىر چاقىرىقلىرى

ئازغۇن قەۋملەرنىڭ كۆز قاراشلىرى ھەققىدە ئالدىنقى بەتلەردە ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقات شۇنى پۈتۈنلەي ئېچىپ بېرىدۇكى، قۇرئان كەرىمدە «زالىم»، «گۇمراھ»، «بۇزۇق ئەقىدىلىك» دەپ تىلغا ئېلىنغان قەدىمكى قەۋملەرنىڭ ھېچ بىرى ئاللاھنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئىنكار قىلمايتتى. ئاللاھنىڭ رەببى مۇتلەق ۋە ئىلاھى مۇتلەق ئىكەنلىكىنىمۇ رەت قىلمايتتى. ئەمما ئۇلارنىڭ ئورتاق ئازغۇنلۇقى رۇبۇبىيەتنىڭ (ئىلگىرى بىز لۇغەت ۋە قۇرئان ئايەتلىرىدىكى دەلىللەر بىلەن بايان قىلغان) بەش خىل ئۇقۇمىنى ئىككىگە بۆلۈپ قويۇشتىن ئىبارەت ئىدى.

1 ــ مەخلۇقاتلارنى تەبىئەتتىن تاشقىرى ئۇسۇللار بىلەن پەرۋىش قىلىش، خەۋەر ئېلىش، ھاجەتلىرىنى راۋا قىلىش، كۆزىتىپ ئاسراش ۋە كېپىللىك قىلىش قاتارلىق رۇبۇبىيەتنىڭ ئۇقۇملىرى ئۇلارنىڭ قارىشىچە باشقىچە خارەكتېردە ئىدى. گەرچە ئۇلار بۇ مەنىدىن ئاللاھنى ھەممىدىن يۇكسەك

رەب (يەنى پەرۋەردىگار) دەپ چۈشەنسىمۇ، ئەمما پەرىشتىلەرنى، جىن ۋە باشقا مەبۇدلارنى، غەيرىي تەبىئىي كۈچلەرنى، سەييارە، يۇلتۇزلارنى، ئەنبىيا، ئەۋلىيا، روھانىي پېشۋالىرىنى رۇبۇبىيەتكە شېرىك قىلىۋالاتتى.

2 ــ بۇيرۇش ۋە مەنئى قىلىش ئىختىيارلىقى، ئىدارە قىلىشنىڭ يۇكسەك ئىگىدارلىقى، يولىيورۇق ۋە يېتەكچىلىكنىڭ مەنبەسى، قانۇننىڭ ئاساسى، دۆلەتنىڭ رەھبىرى ۋە ئىجتىمائىيەتنىڭ مەركىزى بولۇش قاتارلىق رۇبۇبىيەتنىڭ ئۇقۇملىرى ئۇلارنىڭ قارىشىچە پۈتۈنلەي باشقىچە بىر خاراكتېردە ئىدى. بۇ ئۇقۇملار نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇلار ئاللاھنىڭ ئورنىغا پەقەت ئىنسانلارنىلا «رەب» قىلىۋالاتتى. ياكى نەزەرىيە جەھەتتە ئاللاھنى مۇشۇ نۇقتىلاردىمۇ «رەب» دەپ ئېتىراپ قىلىپ، ئەمەلىيەتتە ئىنسانلارنىڭ ئەخلاق، مەدەنىيەت ۋە سىياسەت جەھەتتىكى رۇبۇبىيىتى ئالدىدا ئىتائەتكە باش ئېگەتتى.

دەسلىۋىدىنلا مانا بۇ خىل ئازغۇنلۇقنى ئىسلاھ قىلىش ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاملار توختىماي كېلىپ تۇرغان بولۇپ، ئاخىرىدا دەل يەنە شۇ ئىسلاھات ئۈچۈن پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كەلگەن ئىدى. رۇبۇبىيەتنىڭ يۇقىرىقى پۈتۈن ئۇقۇملىرى نۇقتىسىدىن بارلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ چاقىرىقى «پەقەت ئاللاھۇ ئەززە ۋەجەللىدىن ئىبارەت بىرلا رەب بولۇشى لازىم. رۇبۇبىيەتنىڭ ھېچبىر قىسمىغا باشقىلار ئىگە بولالمايدۇ. كائىناتنىڭ پۈتۈن قانۇنىيتى پەقەت بىرلا ئاللاھ ياراتقان مەركىزى تۈزۈمدىنلا ئىبارەتتۇر. ئۇنى باشقۇرۇش ۋە ئىدارە قىلىشنىڭ بارلىق ھوقۇق ئىختىيارلىقىغا ئاشۇ بىرلا ئاللاھ

ئىگىدارچىلىق قىلىدۇ. نە بۇ تۈزۈمنى بەرپا قىلىشتا باشقا بىرەرسىنىڭ ھەسسىسى بولغان ئەمەس، نە ئۇنىڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشتا باشقا ھېچبىرى شېرىك بولۇۋالالمايدۇ. بۇ مەركىزى ھۆكۈمرانلىقنىڭ خوجايىنى بولۇش سالاھىيتى بىلەن پەقەت يېگانە ئاللاھلا سىلەرگە تەبىئەتتىن تاشقىرى ئۇقتىدىنمۇ پەرۋەردىگاردۇر ۋە ئەخلاق، مەدەنىيەت، سىياسەت جەھەتتىنمۇ پەرۋەردىگاردۇر. ئەنە شۇ رەببىڭلار سىلەرنىڭ ئىلاھىڭلاردۇر. ئەنە شۇ ئاللاھلا روكۇ ھەم سەجدىلىرىڭلارنىڭ بۇرۇلۇش مەركىزىدۇر. ئىشەنچ ۋە تەۋەككۇلچىلىقىڭلارنىڭ تايانچى، ھاجىتىڭلارنىڭ كاپالىتىدۇر. شۇنىڭدەك، يەنە شۇ ئاللاھلا سىلەرنىڭ يېگانە پادىشاھىڭلاردۇر. قانۇنچىلىق، شەرىئەت بەلگىلەش، بۇيرۇش ۋە چەكلەش پۈتۈنلەي ئۇنىڭغا خاستۇر. سىلەر جاھالەت سەۋەبىدىن ئىككىگە ئايرىپ تاشلىغان رۇبۇبىيەتنىڭ بۇ پۈتۈن سالاھىيتى ئاللاھنىڭ ئىلاھلىقىنىڭ ئايرىلماس مۇھىم خۇسۇسىيەتلىرىدۇر. بۇلارنى ھەرگىزمۇ بىر - بىرىدىن ئايرىپ قاراشقا بولمايدۇ، بۇ سالاھىيەتلەرنىڭ ھېچبىرىدە مەخلۇقاتلاردىن بىرەرسىنى ئاللاھقا شېرىك قىلىۋېلىشقا قەتئىي بولمايدۇ» دېگەندىن ئىبارەت ئىدى. بۇ مەركىزى چاقىرىقنى قۇرئان كەرىمنىڭ زادى قانداق شەكىلدە بايان قىلىدىغانلىقىنى قېنى، قۇرئاننىڭ تىلىدىن ئاڭلاپ باقايلى!

«إِنَّ رَبَّكُمُ اللَّهُ الَّذِي خَلَقَ السَّمَوَاتِ وَالْأَرْضَ فِي سِتَّةِ أَيَّامٍ ثُمَّ اسْتَوَى عَلَى الْعَرْشِ يُغْشِي اللَّيْلَ النَّهَارَ يَطْلُبُهُ حَثِيثًا وَالشَّمْسَ وَالْقَمَرَ وَالنُّجُومَ مُسَخَّرَاتٍ بِأَمْرِهِ أَلَا لَهُ الْخَلْقُ وَالْأَمْرُ تَبَارَكَ اللَّهُ رَبُّ الْعَالَمِينَ»

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلىرىنىڭ ئادرېسى

ھەقىقەتەن رەببىڭلار ئاللاھتۇركى، ئۇ ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ئالتە كۈندە ياراتتى، ئاندىن ئۆزىنىڭ سەلتەنەت تەختى ئەرش ئۈستىدە قارار ئالدى، ئۇ كېچە بىلەن كۈندۈزنى ياپىدۇ، كېچە بىلەن كۈندۈز بىر ـ بىرىنى قوغلىشىدۇ، ئاللاھ قۇياش، ئاي ۋە يۇلتۇزلارنى ئاللاھنىڭ ئەمرىگە بويسۇنغۇچى قىلىپ ياراتتى، يارىتىش ۋە ئەمر قىلىش راستتىنلا ئاللاھقا خاستۇر، ئالەملەرنىڭ رەببى ئاللاھنىڭ دەرىجىسى كاتتىدۇر. (سۈرە ئەئراف 54 ـ ئايەت)

قُلْ مَن يَرْزُقُكُم مِّنَ السَّمَاء وَالأَرْضِ أَمَّن يَمْلِكُ السَّمْعَ والأَبْصَارَ وَمَن يُخْرِجُ الْحَيَّ مِنَ الْمَيِّتِ وَيُخْرِجُ الْمَيَّتَ مِنَ الْحَيِّ وَمَن يُدَبِّرُ الأَمْرَ فَسَيَقُولُونَ اللّهُ فَقُلْ أَفَلاَ تَتَّقُونَ. فَذَلِكُمُ اللّهُ رَبُّكُمُ الْحَقُّ فَمَاذَا بَعْدَ الْحَقِّ إِلاَّ الضَّلاَلُ فَأَنَّى تُصْرَفُونَ.

ئۇلاردىن سورىغىنكى، «سىلەرگە ئاسمان، زېمىندىن كىم رىزىق بېرىدۇ؟ سىلەرنىڭ ئاڭلاش ۋە كۆرۈش ئىقتىدارىڭلار كىمنىڭ ئىلكىدە؟ تىرىك شەيئىلەرنى ئۆلۈك شەيئىلەردىن كىم پەيدا قىلىدۇ؟ ئۆلۈك شەيئىلەرنى تىرىك شەيئىلەردىن كىم پەيدا قىلىدۇ؟ كىم (ئالەمنىڭ) ئىشلىرىنى ئىدارە قىلىدۇ؟» ئۇلار چوقۇم(بۇلارغا جاۋابەن): «ئاللاھ» دەيدۇ.»

ئېيتقىنكى، «ئۇنداقتا ھەققە خىلاپ يول تۇتۇشتىن قورقمامسىلەر؟ (بۇ پۈتۈن ئىشلار ئاللاھنىڭ بولىدىغان بولسا،) ئۇنداقتا سىلەرنىڭ ھەقىقىي رەببىڭلار، ئەنە شۇ ئاللاھتۇر. ھەقىقەتتىن قالسا، گۇمراھلىقتىن باشقا نەرسە بولمايدۇ، سىلەر زادى قاياقلارغا قايدۇرۇلۇپ يۈرىيسىلەر؟»[1]

[1] سۈرە يۇنۇس 31 ـ 32 ـ ئايەت.

خَلَقَ السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضَ بِالْحَقِّ يُكَوِّرُ اللَّيْلَ عَلَى النَّهَارِ وَيُكَوِّرُ النَّهَارَ عَلَى اللَّيْلِ وَسَخَّرَ الشَّمْسَ وَالْقَمَرَ كُلٌّ يَجْرِي لِأَجَلٍ مُسَمًّى... ذَلِكُمُ اللَّهُ رَبُّكُمْ لَهُ الْمُلْكُ لَا إِلَهَ إِلَّا هُوَ فَأَنَّى تُصْرَفُونَ

**ئاللاھ ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ھەق ئاساسدا ياراتتى. ئەنە شۇ ئاللاھ كېچىنى كۈندۈز بىلەن ۋە كۈندۈزنى كېچە بىلەن ئورايدۇ. ئاللاھ كۈن بىلەن ئاينى شۇنداق بويسۇندۇرغانكى، ئۇلارنىڭ ھەربىرى مۇقەررەر ۋاقىتقىچە سەير قىلىدۇ... ئەنە شۇ ئاللاھ سىلەرنىڭ رەببىڭلاردۇر، پادىشاھلىق ئاللاھقا خاستۇر، سىلەرگە ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ مەبۇد يوقتۇر، سىلەر زادى قاياقلارغا بۇرۇۋېتىلىپ يۈرۈيسىلەر.** (سۈرە زۇمەر 5 ــ 6 ــ ئايەت)

اللَّهُ الَّذِي جَعَلَ لَكُمُ اللَّيْلَ لِتَسْكُنُوا فِيهِ وَالنَّهَارَ مُبْصِرًا... ذَلِكُمُ اللَّهُ رَبُّكُمْ خَالِقُ كُلِّ شَيْءٍ لَا إِلَهَ إِلَّا هُوَ فَأَنَّى تُؤْفَكُونَ... اللَّهُ الَّذِي جَعَلَ لَكُمُ الْأَرْضَ قَرَارًا وَالسَّمَاءَ بِنَاءً وَصَوَّرَكُمْ فَأَحْسَنَ صُوَرَكُمْ وَرَزَقَكُم مِّنَ الطَّيِّبَاتِ ذَلِكُمُ اللَّهُ رَبُّكُمْ فَتَبَارَكَ اللَّهُ رَبُّ الْعَالَمِينَ. هُوَ الْحَيُّ لَا إِلَهَ إِلَّا هُوَ فَادْعُوهُ مُخْلِصِينَ لَهُ الدِّينَ الْحَمْدُ لِلَّهِ رَبِّ الْعَالَمِينَ.

**ئەنە شۇ ئاللاھ سىلەرگە كېچىنى ئارام ئېلىشىڭلار ئۈچۈن ياراتتى ھەمدە كۈندۈزنى يورۇق قىلدى...**

**ئەنە شۇ ئاللاھ سىلەرنىڭ رەببىڭلاردۇر، ھەممە نەرسىنىڭ ياراتقۇچىسىدۇر، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، ئۇنداقتا سىلەر قاياقلاردىن ئالدىنىپ ئېزىپ يۈرۈيسىلەر؟...**

**ئەنە شۇ ئاللاھ سىلەرگە زېمىننى تۇرالغۇ قىلدى، ئاسماننى ئۈستۈڭلەرگە ئۆگزە قىلدى. سىلەرنى سۈرەتكە كىرگۈزگەندىمۇ ناھايىتى ياخشى سۈرەتكە كىرگۈزدى. سىلەرگە پاك نەرسىلەرنى رىزىق قىلىپ بەردى.**

www.uyghurkitap.com

ئەنە شۇ ئاللاھ سىلەرنىڭ رەببىڭلاردۇر، ئىنتايىن بەرىكەتلىكتۇر ۋە كائىناتنىڭ رەببىدۇر.

ئەنە شۇ ئاللاھ ھاياتتۇر، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، دىنىڭلارنى خالىس قىلغان ھالدا ئۇنىڭلا چاقىرىڭلار، جىمى ھەمدۇسانا ئالەملەرنىڭ رەببى ئاللاھقا خاستۇر.[1]

وَاللَّهُ خَلَقَكُم مِّن تُرَابٍ... يُولِجُ اللَّيْلَ فِي النَّهَارِ وَيُولِجُ النَّهَارَ فِي اللَّيْلِ وَسَخَّرَ الشَّمْسَ وَالْقَمَرَ كُلٌّ يَجْرِي لِأَجَلٍ مُّسَمًّى ذَلِكُمُ اللَّهُ رَبُّكُمْ لَهُ الْمُلْكُ وَالَّذِينَ تَدْعُونَ مِن دُونِهِ مَا يَمْلِكُونَ مِن قِطْمِيرٍ. إِن تَدْعُوهُمْ لَا يَسْمَعُوا دُعَاءَكُمْ وَلَوْ سَمِعُوا مَا اسْتَجَابُوا لَكُمْ وَيَوْمَ الْقِيَامَةِ يَكْفُرُونَ بِشِرْكِكُمْ

ئاللاھ سىلەرنى تۇپراقتىن ياراتتى... ئاللاھ كېچىنى كۈندۈزگە كىرگۈزىدۇ، كۈندۈزنى كېچىگە كىرگۈزىدۇ، ئاللاھ كۈن بىلەن ئاينى شۇنداق بويسۇندۇرۇپ تۇتقانكى، ھەر بىرى بىر مۇئەييەن مۇددەتكىچە مېڭىپ كېتىۋاتىدۇ.

ئەنە شۇ ئاللاھ سىلەرنىڭ رەببىڭلاردۇر، پادىشاھلىق ئۇنىڭغا خاستۇر، ئۇنى قويۇپ سىلەر چاقىرىۋاتقان باشقىلارنىڭ ئىلكىدە قىلچە نەرسىنىڭ ئىختىيارلىقى يوقتۇر. ئەگەر ئۇلارغا دۇئا قىلساڭلار، سىلەرنىڭ دۇئالىرىڭلارنى ئاڭلىمايدۇ، ئاڭلىغان تەقدىردىمۇ سىلەرگە جاۋاب قايتۇرالمايدۇ، قىيامەت كۈنى ئۇلار سىلەرنىڭ شېرىك قىلىۋالغانلىقىڭلارنىمۇ ئىنكار قىلىدۇ.[2]

وَلَهُ مَن فِي السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ كُلٌّ لَّهُ قَانِتُونَ... ضَرَبَ لَكُم مَّثَلًا مِنْ أَنفُسِكُمْ هَل لَّكُم مِّن مَّا مَلَكَتْ أَيْمَانُكُم مِّن شُرَكَاء فِي مَا رَزَقْنَاكُمْ فَأَنتُمْ فِيهِ سَوَاء تَخَافُونَهُمْ كَخِيفَتِكُمْ أَنفُسَكُمْ كَذَلِكَ

[1] سۈرە مۇئمىن 61 ـ 65 ـ ئايەت.
[2] سۈرە فاتىر 11 ـ 14 ـ ئايەت.

نُفَصِّلُ الْآيَاتِ لِقَوْمٍ يَعْقِلُونَ. بَلِ اتَّبَعَ الَّذِينَ ظَلَمُوا أَهْوَاءَهُم بِغَيْرِ عِلْمٍ... فَأَقِمْ وَجْهَكَ لِلدِّينِ حَنِيفًا فِطْرَةَ اللَّهِ الَّتِي فَطَرَ النَّاسَ عَلَيْهَا لَا تَبْدِيلَ لِخَلْقِ اللَّهِ ذَٰلِكَ الدِّينُ الْقَيِّمُ وَلَٰكِنَّ أَكْثَرَ النَّاسِ لَا يَعْلَمُونَ

مەيلى ئاسمانلاردىكى، مەيلى زېمىندىكى ھەممە نەرسە ئاللاھنىڭ قۇلىدۇر، ھەممىسى ئاللاھقا بويسۇنغۇچىدۇر... ئاللاھ سىلەرگە ئۆزۈڭلاردىن بىر مىسال كەلتۈرىدۇ، قۇللىرىڭلاردىن بىرەرسى بىز سىلەرگە رىزىق قىلىپ بەرگەن مال- مۈلۈككە شېرىك بولسا، ئۇنى تەسەررۇپ قىلىش ۋە باشقۇرۇشتا قۇللىرىڭلارمۇ سىلەر بىلەن باراۋەر بولسا، ئۆزلىرىڭلار بىلەن باراۋەر ئازات كىشىلەردىن قورققاندەك ئۇلاردىن قورقۇشقا رازىمۇسىلەر؟ (بۇنىڭغا رازى بولمىغان ئىكەنسىلەر، مەخلۇقاتنىڭ ئاللاھقا شېرىك بولۇشىغا قانداق رازى بولدۇڭلار؟) ئەقىل بىلەن ئىش تۇتىدىغان قەۋم ئۈچۈن ھەقىقەتكە يەتكۈزىدىغان دەلىللەرنى مۇشۇنداق تەپسىلىي بايان قىلىمىز. بىراق زالىملار ئىلىمسىز ھالدا ئۆزلىرىنىڭ ئاساسسىز قاراشلىرىغا ئەگىشىپ كېتىپ بارىدۇ... شۇڭا سەن باتىل دىنلاردىن بۇرۇلۇپ، ھەقىقىي دىننىڭ يولىدا ئۆزۈڭنى سابىت قەدەم قىلغىن، ئاللاھنىڭ ياراتقان تەبىئىتىگە (يەنى دىنىغا) ئەگەشكىنكى، ئاللاھ ئىنسانلارنى شۇ تەبىئەت (يەنى شۇ دىن) بىلەن ياراتقان، ئاللاھنىڭ ياراتقىنىدا ئۆزگىرىش بولمايدۇ، مانا بۇ توغرا دىندۇر، لېكىن ئىنسانلارنىڭ تولىسى بىلمەيدۇ. (سۈرە رۇم، 26 ـ 30)

وَمَا قَدَرُوا اللَّهَ حَقَّ قَدْرِهِ وَالْأَرْضُ جَمِيعًا قَبْضَتُهُ يَوْمَ الْقِيَامَةِ وَالسَّمَاوَاتُ مَطْوِيَّاتٌ بِيَمِينِهِ سُبْحَانَهُ وَتَعَالَىٰ عَمَّا يُشْرِكُونَ

www.uyghurkitap.com

ئۇلار ئاللاھنى قەدىرلەشنىڭ ھەققىگە يارىشا ھەقىقىي رەۋىشتە قەدىرلىمىدى. قىيامەت كۈنى كۆرىدۇكى، زېمىن پۈتۈنلەي ئاللاھنىڭ ئىلكىدىدۇر، ئاسمانلار ئاللاھنىڭ قولىدا قاتلىنىپ تۇرىدۇ، ئاللاھ ئۇلار كەلتۈرۈۋاتقان شېرىكلەردىن پاكتۇر ۋە ناھايىتى ئۈستۈندۇر.[1]

فَلِلَّهِ الْحَمْدُ رَبِّ السَّمَاوَاتِ وَرَبِّ الْأَرْضِ رَبِّ الْعَالَمِينَ. وَلَهُ الْكِبْرِيَاءُ فِي السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ وَهُوَ الْعَزِيزُ الْحَكِيمُ.

جىمى ھەمدۇسانا زېمىن، ئاسمانلارنىڭ ۋە پۈتۈن كائىناتنىڭ رەببى ئاللاھقا خاستۇر! ئاسمانلاردىمۇ ۋە زېمىندىمۇ ئۇلۇغلۇق ئاللاھنىڭدۇر، ئاللاھ غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر. (سۈرە جاسىيە 65 ـ ئايەت)

رَبُّ السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ وَمَا بَيْنَهُمَا فَاعْبُدْهُ وَاصْطَبِرْ لِعِبَادَتِهِ هَلْ تَعْلَمُ لَهُ سَمِيًّا

ئۇ ئاسمانلارنىڭ، زېمىننىڭ ئىگىسىدۇر ھەمدە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بارلىق شەيئىلەرنىڭ ئىگىسىدۇر، شۇڭا ئۇنىڭغا بەندىچىلىك قىلغىن، ئاللاھنىڭ بەندىچىلىكىدە چىدامىلىق بولغىن، (ئەجەبا) سېنىڭ ئىلمىڭدا ئۇنىڭغا تەڭداش بىرەر زاتمۇ بارمۇ؟ (سۈرە مەريەم 65 ـ ئايەت)

وَلِلَّهِ غَيْبُ السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ وَإِلَيْهِ يُرْجَعُ الْأَمْرُ كُلُّهُ فَاعْبُدْهُ وَتَوَكَّلْ عَلَيْهِ

ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى غەيبنى بىلىش ئاللاھقا خاستۇر، ھەممە ئىش ئاللاھقا قايتۇرۇلىدۇ، شۇڭا ئاللاھقىلا بەندىچىلىك قىلغىن ۋە ئۇنىڭغىلا تەۋەككۇل قىلغىن (يەنى ھەممە ئىشىڭنى ئۇنىڭغا تاپشۇرغىن).[2]

«رَبُّ الْمَشْرِقِ وَالْمَغْرِبِ لَا إِلَهَ إِلَّا هُوَ فَاتَّخِذْهُ وَكِيلًا»

---

[1] سۈرە زۇمەر 67 ـ ئايەت.

[2] سۈرە ھۇد 123 ـ ئايەت.

«ئۇ مەشرىقنىڭ ۋە مەغرىبنىڭ خوجايىنىدۇر، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، شۇڭا ئۇنىلا ئۆزۈڭگە ھامىي قىلغىن (بارلىق ئىشلىرىڭغا ئۇنىلا كېپىل ۋە مەسئۇل) قىلغىن»[1]

«إِنَّ هَذِهِ أُمَّتُكُمْ أُمَّةً وَاحِدَةً وَأَنَا رَبُّكُمْ فَاعْبُدُونِ» وَتَقَطَّعُوا أَمْرَهُم بَيْنَهُمْ كُلٌّ إِلَيْنَا رَاجِعُونَ»

شەكسىزكى، سىلەرنىڭ ئۈممىتىڭلار بىرلا ئۈممەتتۇر ۋە مەن سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلارمەن، ماڭىلا ئىبادەت قىلىڭلار، كىشىلەر بۇ رۇبۇبىيەت ئىشىنى ۋە بۇ بەندىچىلىكنى ئۆز ئىچىدە بۆلۈشۈۋالدى. بىراق ھەرقانداق ئەھۋالدا ھەممىسى بىزنىڭ دەرگاھىمىزغا قايتقۇچىلاردۇر.[2]

اتَّبِعُوا مَا أُنْزِلَ إِلَيْكُمْ مِنْ رَبِّكُمْ وَلَا تَتَّبِعُوا مِنْ دُونِهِ أَوْلِيَاءَ

ئى ئىنسانلار! ئاللاھ تەرەپتىن نازىل قىلىنغان مۇشۇ كىتابقا ئەگىشىڭلار! ئاللاھنى قويۇپ، يەنە باشقا باشپاناھلارغا ئەگەشمەڭلار. (سۈرە ئەئراف 3 ـ ئايەت)

قُلْ يَا أَهْلَ الْكِتَابِ تَعَالَوْاْ إِلَى كَلَمَةٍ سَوَاء بَيْنَنَا وَبَيْنَكُمْ أَلاَّ نَعْبُدَ إِلاَّ اللّهَ وَلاَ نُشْرِكَ بِهِ شَيْئًا وَلاَ يَتَّخِذَ بَعْضُنَا بَعْضاً أَرْبَابًا مِّن دُونِ اللّهِ

ئېيتقىنكى، «ئى ئەھلى كىتاب! سىلەرنىڭ ۋە بىزنىڭ ئارىمىزدا ئورتاق بولغان بىرلا سۆز تەرەپكە كېلىڭلار، بىز پەقەت ئاللاھقىلا بەندىچىلىك قىلايلى، ئاللاھقا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەيلى، ئاللاھنى قويۇپ ھېچ بىرىمىز بىر ـ بىرىمىزنى رەب قىلىۋالمايلى.»[3]

---

[1] سۈرە مۇززەممىل 9 ـ ئايەت.
[2] سۈرە ئەنبىيا 92 ـ 93 ـ ئايەت.
[3] سۈرە ئال ئىمران 64 ـ ئايەت.

قُلْ أَعُوذُ بِرَبِّ النَّاسِ. مَلِكِ النَّاسِ. إِلَٰهِ النَّاسِ.

**«ئىنسانلارنىڭ پەرۋەردىگارى، ئىنسانلارنىڭ پادىشاھى، ئىنسانلارنىڭ ئىلاھى ئاللاھقا سىغىنىپ، پاناھ تىلەيمەن» دېگىن.** (سۈرە ناس 1 ـ 2 ـ 3 ـ ئايەت)

«فَمَن كَانَ يَرْجُو لِقَاءَ رَبِّهِ فَلْيَعْمَلْ عَمَلًا صَالِحًا وَلَا يُشْرِكْ بِعِبَادَةِ رَبِّهِ أَحَدًا»

**«كىمكى، رەببىگە مۇلاقات بولۇشنى ئۈمىد قىلىدىكەن، ياخشى ئىش قىلسۇن. رەببىگە قىلىدىغان بەندىچىلىككە باشقا ھېچكىمنى شېرىك قىلمىسۇن.»**[1]

يۇقىرىدىكى بۇ ئايەتلەرنى بىر ـ بىرىگە چېتىپ ئۇقۇش ئارقىلىق شۇنى ئېنىق بىلىۋالغىلى بولىدۇكى، قۇرئان كەرىم رۇبۇبىيەتنى مۇتلەق ھاكىمىيەت ۋە سەلتەنەت (Sovereignty) دەپ بەلگىلەپ بەرمەكتە ھەمدە رۇبۇبىيەتنىڭ كائىناتتا سولتانلىق، ھۆكۈمرانلىق ۋە ھاكىمۇتلەقلىق تەسەۋۋۇرىنى ئوتتۇرىغا قويماقتا.

دېمەك، ئاللاھ تائالا دەل مانا بۇ سالاھىيەت بىلەن بىزنىڭ ۋە پۈتۈن جاھاننىڭ پەرۋەردىگارى، پەرۋىش قىلغۇچىسى، شۇنداقلا ھاجەتلەرنى راۋا قىلغۇچىسىدۇر.

دەل مانا بۇ سالاھىيەت بىلەن بىزنىڭ كېپىلىمىز، خەۋەردارلىق قىلغۇچىمىز، باشقۇرغۇچى ۋە ئىشەنچ مەركىزىمىزدۇر.

دەل مانا بۇ سالاھىيەت بىلەن ئۇنىڭغا ۋاپادار، سادىقەتمەن بولۇش بىزنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتىمىزنىڭ ئىمارىتىنى توغرا ئۇسۇللار ئارقىلىق تىكلەپ

---

[1] سۈرە كەھف 110 ـ ئايەت.

چىقىدىغان تەبىئىي ئاساستۇر. ئاللاھ تائالانىڭ بىر مەركەزلىك سالاھىيىتىگە باغلىنىش ئارقىلىقلا ھەرقايسى شەخس ۋە ھەر قايسى پىرقىلەر ئوتتۇرىسىدا بىرلا ئۈممەت بولۇش رىشتىسى بەرپا بولىدۇ.

دەل مانا بۇ سالاھىيەت بىلەن ئاللاھ تائالا بىزنىڭ ۋە بارلىق مەخلۇقاتلارنىڭ ئىتائەت قىلىشىغا، بەندىچىلىك قىلىشىغا شۇنداقلا چوقۇنۇپ ئىبادەت قىلىشىغا ھەقلىقتۇر.

دەل مانا بۇ سالاھىيەت بىلەن ئاللاھ تائالا بىزنىڭ ۋە پۈتۈن شەيئىلەرنىڭ خوجايىنى، ئىگىسى ۋە تەنھا ھۆكۈمرانىدۇر.

ئەرەب خەلقىدىن تارتىپ دۇنيادىكى پۈتۈن جاھىل قەۋملەر ھەربىر دەۋردە رۇبۇبىيەتنى بىر ـ بىرىدىن پەرقلىق بەش ئايرىم رۇبۇبىيەتكە بۆلۈپ قويۇشتەك ئوخشاش خاتالىقنى سادىر قىلىپ كەلگەن ۋە ھازىرمۇ شۇنداق بولۇپ كەلمەكتە. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ قىياس، گۇمانلىرى ئاساسىدا «رۇبۇبىيەتنىڭ ھەر بىر تۈرى ئايرىم ـ ئايرىم زاتلارغا باغلىق ۋە باغلىق بولۇشى لازىم» دېگەن قاراشنى تىكلىۋېلىشقان ئىدى. ئەمما قۇرئان كەرىم ئۆزىنىڭ پولاتتەك دەلىللىرى ئارقىلىق شۇنى قەتئىي تۈردە ئىسپاتلاپ بەرگەنكى، كائىناتنىڭ بۇ مۇكەممەل مەركىزى تۈزۈمىنى باشقۇرۇۋاتقان ئالىي ھوقۇق كىمنىڭ قولىدا بولىدىكەن، رۇبۇبىيەتكە دائىر ھېچ بىر ئىش ئۇنىڭدىن باشقا ئىككىنچى بىرسىنىڭ ئىلكىدە بولمايدۇ، ئۇنداق ئىمكانىلىق قەتئىي مۇمكىن ئەمەس. كائىنات تۈزۈمىنىڭ بىر مەركەزلىكى گۇۋاھلىق بېرىپ تۇرۇپتۇكى، رۇبۇبىيەتنىڭ پۈتۈن ساھە، تارماقلىرى دەل مۇشۇ تۈزۈمنى ياراتقان بىرلا زاتقا مەنسۇپ. شۇڭا قانداقلا بىرسى بۇ تۈزۈم

ئاستىدا ياشاۋاتقان تۇرۇپ، رۇبۇبىيەتنىڭ قانداقلا قىسمىنى ھەرقانداق مەنىدىن ئاللاھتىن باشقىغا باغلىق دەپ قارايدىكەن، ياكى باغلاپ قويىدىكەن، ئۇ ھەققانىيەتكە جەڭ ئاچقان، ساداقەتتىن يۈز ئۆرۈگەن، ھەققە قارشى ئاسىيلىق قىلغان، جۇملىدىن رېئاللىقتا قارشى پوزىتسىيىدە بولۇش ئارقىلىق ئۆز ـ ئۆزىنى ھالاكەتكە ئىتتىرگەن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

# ئىبادەت

## لۇغەتتىكى ئۇقۇملىرى ھەققىدە تەھلىل

ئەرەب تىلىدا «"عبودة"، "عبودية"، ۋە "عبدية"» دېگەن سۆزلەرنىڭ ئەسلى مەنىسى، «باش ئېگىش ۋە تۆۋەنچىلىك قىلىش» دېگەننى بىلدۈرىدۇ. يەنى، ئىتائەتكە تەۋە بولۇش، رام بولۇش، بىراۋغا ئىتائەت ئۇچۇن ۋە قانداق خالىسا شۇنداق خىزمەتكە سېلىشى ئۇچۇن ھېچ بىر ئېتىراز، بويسۇن تاۋلىق بولمىغان ھالدا باش ئېگىش دېگەننى بىلدۈرىدۇ. دەل مۇشۇ ئېتىباردىن ئەرەب خەلقى ئىنساننىڭ مىنىشكە پۈتۈنلەي رام بولۇپ كەتكەن (يەنى ئۆگىنىپ كەتكەن) تۆگىنىمۇ، ‹بَعير مُعبّد› دەپ ئاتايدۇ. كىشىلەرنىڭ كۆپ دەسسىشى بىلەن يەنچىلىپ، شەكىللەنگەن يولنىمۇ ‹طَريق مُعبّد› دەپ ئاتايدۇ. مانا بۇ ئەسلى مەنىسىدىن قوللۇق قىلىش، ئىتائەت قىلىش، چوقۇنۇش، خىزمەتكارلىق، باغلىنىش، چەكلىنىش قاتارلىق بەش خىل ئۇقۇملار كېلىپ چىققان. ئەرەب تىلىنىڭ ئەڭ كاتتا لۇغەت كىتابى «لىسانۇلئەرەب» تە بۇ ھەقتە بايان قىلىنغان شەرھلەرنىڭ خۇلاسىسى تۆۋەندىكىچە:

1 ـ ‹العبد، المملوك، خلاف الحر› (يەنى، «ئەبىد» دېگەنلىك «بىراۋنىڭ مۈلكى» دېگەنلىك بولىدۇ. بۇ سۆز «ئازات» دېگەن سۆزنىڭ دەل ئەكسىدۇر. مەسىلەن: ‹تعبَّدَ الرّجل› دېگەننىڭ مەنىسى، «ئۇ بىر ئادەمنى قۇل قىلىۋالدى، ئۇنىڭغا قۇلغا قىلغاندەك مۇئامىلە قىلدى» دېگەننى بىلدۈرىدۇ. ‹عبّده، أعبد ۋە اعتبده› دېگەنلەرنىڭ مەنىسىمۇ دەل شۇنىڭدەك بولىدۇ. بىر ھەدىستە مۇنداق دېيىلگەن:

‹ثلاثة انا خصمهم، رجل اعتبد محرّراً (وفي رواية اعبد محرّراً)› «مەن قىيامەت كۈنى ئۈچ خىل كىشىگە قارشى دەۋاگەر بولىمەن، ئۇلارنىڭ بىرى، بىنوەر ئازات كىشىنى قۇل قىلىۋالغان ياكى قۇلنى ئازات قىلغاندىن كېيىنمۇ يەنە ئۇنىڭغا قۇلغا قىلغاندەك مۇئامىلە قىلغان كىشىدۇر.»

قۇرئان كەرىمدە مۇسا ئەلەيهىسسالام پىرئەۋنگە: «وَتِلْكَ نِعْمَةٌ تَمُنُّهَا عَلَيَّ أَنْ عَبَّدتَّ بَنِي إِسْرَائِيلَ» «سېنىڭ ماڭا مىننەت قىلغان ياخشىلىقىڭ، ئىسرائىل ئەۋلادىنى بەندە (يەنى قۇل) قىلىۋالغانلىقىڭدۇر.» دەيدۇ.

2 ـ ‹العبادة الطاعة مع الخضوع› (يەنى تولۇق ئىتائەتمەنلىك بىلەن بويسۇنۇش ئىبادەت دېيىلىدۇ. ‹عبد الطاغوت اي اطاعه› (تاغۇتقا ئىبادەت قىلىش دېگەنلىك ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىش يەنى، ئۇنىڭغا ئىتائەتمەن بولۇش دېگەنلىكتۇر. شۇنىڭدەك، ‹إِيَّاكَ نَعْبُدُ› «ساڭىلا ئىبادەت قىلىمىز» دېگەنلىكمۇ ‹اى نطيع الطاعة التى يخضع معها› «بىز ساڭا تولۇق ئىتائەتكارلىق بىلەن ئىتائەت قىلىمىز» دېگەنلىك بولىدۇ. ‹اعبد ربّكم› «رەببىڭلارغا ئىبادەت قىلىڭلار» دېگەنلىكمۇ ‹اى اطيعوا ربّكم› «رەببىڭلارغا ئىتائەت قىلىڭلار» دېگەنلىك بولىدۇ.

پىرئەۋننىڭ: «مۇسا بىلەن ھارۇننىڭ قەۋمى بىزنىڭ ئابىدلىرىمىز (ئىبادەت قىلغۇچىلىرىمىز) دۇر» دېگەنلىكى ‹ئۇلار بىزگە ئىتائەت قىلغۇچىلاردۇر› دېگەنلىك بولىدۇ.» چۈنكى قانداقلا كىشى پادىشاھقا ئىتائەت قىلسا، ئۇ پادىشاھنىڭ ئابىدى(ئىبادەت قىلغۇچىسى) بولغان بولىدۇ. ئىبنۇلئەنبارى بۇ ھەقتە: ‹پالانى ئابىد› دېگەنلىك «ئۇ ئۆز خوجايىنىغا

ئىنائەت قىلغۇچى، خۇجايىنىنىڭ ھۆكمىگە رىئايە قىلغۇچى» دېگەنلىك بولىدۇ، دېگەن.

3 ـ ‹عبده، عبادة ومعبدًا ومعبدة تألّه له› «يەنى، ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلدى دېگەنلىك ئۇنىڭغا چوقۇنغانلىقنى بىلدۈرىدۇ». ‹التعبّد التنسك› (يەنى ئىبادەت قىلىش دېگەنلىك بىراۋغا سىغىنغۇچى، تىۋىنغۇچى ۋە چوقۇنغۇچى بولۇشنى بىلدۈرىدۇ. بۇ ھەقتە مەلۇم بىر شائىر مۇنداق دېگەن:

‹ارى المال عند الباخلين معبّدا› «كۆردۈمكى، بېخىللارغا نىسبەتەن چوقۇنۇش ئوبيېكتى پۇلدۇر.»

4 ـ ‹عبده و عبد به لزامهٗ فلم يفارقه› يەنى «ئەبەدەھۇ» ياكى «ئەبەدە بىھى» دېيىشنىڭ مەنىسى، «ئۇ ئۇنىڭ بىلەن باغلىنىپ كەتتى ۋە ھەرگىز ئايرىلمىدى» دېگەننى ھەمدە «ئۇ ئۇنىڭ پېشىگە ئېسىلىپ ھەرگىز قويۇۋەتمىدى» دېگەننى بىلدۈرىدۇ.

5 ـ ‹ما عبدك عنى اى ما حبسك› «يەنى، قانداقلا بىر كىشى بىراۋنىڭ يېنىغا كېلىشتىن توسۇلۇپ قالسا، بىراۋ ئۇنىڭدىن ‹ما عبدك عنى› سېنى قانداق نەرسە مېنىڭ يېنىمغا كېلىشتىن توسۇپ قويدى؟» دەپ سورايدۇ.

يۇقىرىقى بۇ پۈتۈن تەھلىللەر شۇنى ئوچۇق كۆرسىتىپ بېرىدۇكى، ‹عبد› دېگەن سۆزنىڭ ئاساسلىق مەنىسى، بىراۋنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ۋە ئۈستۈنلۈكىنى ئېتىراپ قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئىختىيارى ئەركىنلىكىدىن ۋاز كېچىشنى، ئۇنىڭغا قارشى ئېتىراز، بويۇن تاۋلىقلارنى تاشلاپ، ئۇنىڭغىلا رام بولۇشنى بىلدۈرىدۇ، مانا بۇ دەل بەندىچىلىك ۋە قۇللۇقنىڭ ھەقىقىتى. شۇڭلاشقا بۇ سۆزنى ئاڭلاش بىلەن ھەرقانداق بىر ئەرەبنىڭ ئىدىيىسىدە

شەكىللىنىدىغان تۈنجى تەسەۋۋۇر بەندىچىلىك قىلىش ۋە قۇللۇق قىلىش تەسەۋۋۇرىدىن ئىبارەت بولىدۇ. قۇلنىڭ قىلىدىغان ئىشى ئۆز خوجايىنىغا ئىتائەتمەن بولۇش بولغانلىقى ئۈچۈنلا بۇ سۆزدىن ئىتائەت قىلىش دېگەن ئىككىنچى مەنىۋى تەسەۋۋۇر كېلىپ چىققان. ناۋادا قۇل ئۆزىنى خوجايىنىغا پۈتۈنلەي تاپشۇرۇۋەتكەن بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ئەقىدە جەھەتتە خوجايىنىنىڭ ئۈستۈنلۈكىگە قايىل بولۇپ، ئۇنىڭغا بولغان قۇللۇقنى ئېتىراپ قىلسا ھەمدە خوجايىنىنىڭ قىلغان ياخشىلىقلىرىغا نىسبەتەن تەشەككۈر ۋە مىننەتدارلىق تۇيغۇسىدا بولسا، چوقۇم ئۇ خوجايىنىنى كاتتا بىلىپ ئۇلۇغلاشنىمۇ ئاشۇرۇپ قىلىشقا باشلايدۇ، ھەرخىل يوللار بىلەن ئېھسانىنى ئېتىراپ قىلغانلىقىنى ئىزھار قىلىپ تۇرىدۇ ۋە خىلمۇ خىل قۇللۇق پائالىيەتلىرىنى بەجا كەلتۈرۈشكە باشلايدۇ، مانا بۇ خىل پائالىيەت ئىبادەتنىڭ دەل ئۈچىنچى مەنىسى بولغان چوقۇنۇش دېگەن نام بىلەن ئاتىلىدۇ. ئەمما بۇ تەسەۋۋۇر خوجايىنىنىڭ ئالدىدا قۇلنىڭ بېشىلا ئېگىلىپ قالماستىن، قەلبىمۇ تەڭ ئېگىلگەندە ئاندىن ئىبادەتنىڭ (يەنى چوقۇنۇشنىڭ) ئۇقۇمى ئىچىگە كىرگەن بولىدۇ. قالغان ئىككى خىل تەسەۋۋۇرغا كەلسەك، ئۇلار ئىبادەتنىڭ ئاساسلىق تەسەۋۋۇرى ئەمەس، يۈزەكى تەسەۋۋۇرلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

## ئىبادەت دېگەن سۆزنىڭ قۇرئاندا ئىشلىتىلىشى

يۇقىرىقى لۇغەت تەھلىلىدىن كېيىن قۇرئانغا مۇراجىئەت قىلىپ قارايدىغان بولساق، پاك كىتابىمىزدا بۇ سۆزنىڭ دەسلەپكى ئۈچ خىل مەنىدە

ئىشلىتىلگەنلىكىنى، بەزى جايدا بىرىنچى مەنىسىدا، بەزى جايدا ئىككىنچى ياكى ئۈچىنچى مەنىسىدا كۆزدە تۇتۇلغانلىقىنى، يەنە بەزى جايلاردا بىرىنچى ھەم ئىككىنچى مەنىسى بىرلىكتە، يەنە بەزى جايلاردا ھەر ئۈچىلى مەنىسى بىرلىكتە مەقسەت قىلىنغانلىقىنى كۆرىمىز.

## ئىبادەت — قۇللۇق ۋە ئىتائەت مەنىسىدە

بىرىنچى ۋە ئىككىنچى مەنىسىگە ئائىت مىساللار تۆۋەندىكىچە:

ثُمَّ أَرْسَلْنَا مُوسَى وَأَخَاهُ هَارُونَ بِآيَاتِنَا وَسُلْطَانٍ مُبِينٍ. إِلَى فِرْعَوْنَ وَمَلَئِهِ فَاسْتَكْبَرُوا وَكَانُوا قَوْمًا عَالِينَ. فَقَالُوا أَنُؤْمِنُ لِبَشَرَيْنِ مِثْلِنَا وَقَوْمُهُمَا لَنَا عَابِدُونَ.

**ئاندىن مۇسا ۋە ئۇنىڭ قېرىندىشى ھارۇننى ئالامەتلىرىمىز بىلەن ۋە ئوچۇق پاكىت بىلەن پىرئەۋنگە ۋە ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ چوڭلىرىغا ئەۋەتتۇق، ئۇلار ھاكاۋۇرلۇق قىلىپ مەنمەنچىلىك قىلىشتى. چۈنكى ئۇلار ھۆكۈمرانلار ئىدى. ئۇلار: «بىز ئۆزىمىزگە ئوخشاش ئىككى ئادەمنى ئىنسانىنىڭ سۆزىگە كىرەمدۇق؟ ھالبۇكى، ئۇلارنىڭ قەۋمى بىزنىڭ بەندىلىرىمىز (يەنى قۇلغا ئوخشاش چاكارلىرىمىز) تۇرسا» دېيىشتى. (سۈرە مۆئمىنۇن 45 ـ 47 ـ ئايەت)**

وَتِلْكَ نِعْمَةٌ تَمُنُّهَا عَلَيَّ أَنْ عَبَّدْتَ بَنِي إِسْرَائِيلَ

**(پىرئەۋن مۇساغا ئەلەيھىسسالامغا: «سېنى بىز ئۆيىمىزدە كىچىكىڭدىن تەربىيىلەپ چوڭ قىلمىدۇقمۇ؟» دەپ تەنە قىلغاندا، مۇسا ئەلەيھىسسالام**

www.uyghurkitap.com

**ئۇنىڭغا:) «سىنىڭ ماڭا مىننەت قىلغان ياخشىلىقىڭ، ئىسرائىل ئەۋلادىنى بەندە (يەنى قۇل) قىلىۋالغانلىقىڭدۇر» دېدى.**[1]

بۇ ھەر ئىككى ئايەتتە ئىبادەت دېگەن سۆز قۇللۇق قىلىش، ئىتائەت قىلىش ۋە بۇيرۇققا بويسۇنۇش مەنىسىدە ئىشلىتىلمەكتە. يەنى، پىرئەۋنىنىڭ «مۇسا بىلەن ھارۇننىڭ قەۋمى بىزنىڭ ئابىدلىرىمىزدۇر» دېگەنلىكى «بىزنىڭ قۇلىمىز بىزنىڭ پەرمانىمىزغا بويسۇنغۇچىلاردۇر» دېگەنلىك بولىدۇ. مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ پىرئەۋنگە: «سەن بەنى ئىسرائىل قەۋمىنى ئۆزۈڭگە بەندە قىلىۋالدىڭ» دېگەنلىكى، ئۇلارنى قۇل قىلىۋالدىڭ، ئۇلارنى كۆڭلۈڭ تارتقان ئىشقا سالىدىغان خىزمەتكار قىلىۋالدىڭ» دېگەنلىك بولىدۇ.

يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُواْ كُلُواْ مِن طَيِّبَاتِ مَا رَزَقْنَاكُمْ وَاشْكُرُواْ لِلّهِ إِن كُنتُمْ إِيَّاهُ تَعْبُدُونَ

**ئى ئىمان ئېيتقۇچىلار! ئەگەر سىلەر ھەقىقەتەن بىزگە ئىبادەت قىلىدىغان بولساڭلار، بىز سىلەرنى رىزىقلاندۇرغان ھالال نەرسىلەردىن تەرەددۇتسىز يەڭلار ۋە ئاللاھقا شۈكرى ئادا قىلىڭلار.** (سۈرە بەقەرە 172 ـ ئايەت)

بۇ ئايەتنىڭ ۋەزىيەت، شارائىت جەھەتتىكى ئارقا كۆرۈنۈشى شۇكى، ئەينى چاغدىكى ئەرەب خەلقى ئۆزىنىڭ دىنىي پېشۋالىرىنىڭ بۇيرۇقلىرى ئاساسىدا ھەمدە ئەجدادلىرىنىڭ خۇراپىي قاراشلىرى ئاساسىدا يېمەك، ئىچمەككە قارىتا خىلمۇخىل چەكلىمىلەرنى بەلگىلىۋېلىشقان بولۇپ، ئۇلار ئىسلامنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن ئاللاھ تائالا ئۇلارغا: «ئەگەر سىلەر ھەقىقەتەن بىزگە ئىبادەت قىلىدىغان بولساڭلار، بۇ بارلىق چەكلىمىلەرنى

---

[1] سۈرە شۇئەرا 22 ـ ئايەت.

يوق قىلىشلار ۋە بىز سىلەرگە ھالال قىلىپ بەرگەن نەرسىلەرنى ھالال بىلگەن ھالدا تەرەددۇدسىز يەڭلار» دەپ بۇيرۇغان. بۇنىڭ ئوپئوچۇق مەنىسى «ئەگەر سىلەر راستتىنلا بۇزرۇك پېشۋالىرىڭلارنىڭ ۋە راھىب، كاللانلىرىڭلارنىڭ بەندىسى بولماي، بىزنىڭ بەندىمىز بولساڭلار ھەمدە راستتىنلا سىلەر ئۇلارغا بويسۇنۇش ۋە ئىتائەت قىلىشنى تاشلاپ، بىزگە بويسۇنۇپ، ئىتائەت قىلىشنى قوبۇل قىلغان بولساڭلار، ئۇنداقتا ھالال، ھارام، جائىز، ناجائىز مەسىلىلىرىدە ئۇلارنىڭ تۈزگەن پرىنسىپلىرىنى تاشلاپ، بىزنىڭ قانۇنىمىزغا ئەگىشىشىڭلار لازىم» دېگەنلىك بولىدۇ. شۇڭلاشقا بۇ جايدىمۇ ئىبادەت دېگەن سۆز قوللۇق ۋە ئىتائەت قىلىش مەنىسىدىلا ئىشلىتىلگەن بولىدۇ.

قُلْ هَلْ أُنَبِّئُكُم بِشَرٍّ مِّن ذَٰلِكَ مَثُوبَةً عِندَ اللَّهِ مَن لَّعَنَهُ اللَّهُ وَغَضِبَ عَلَيْهِ وَجَعَلَ مِنْهُمُ الْقِرَدَةَ وَالْخَنَازِيرَ وَعَبَدَ الطَّاغُوتَ

**ئېيتقىنكى، «سىلەرگە پاسىقلاردىن ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا بۇنىڭدىنمۇ يامان ئاقىۋەتلىك كىشىلەرنى ئېيتىپ بېرەيمۇ؟ ئاللاھ ئۇلارغا لەنەت قىلغان، ئاللاھنىڭ غەزىپى ئۇلارغا ياغقان، ئاللاھ ئۇلارنىڭ تاغۇتقا ئىبادەت قىلغان بىر قىسمىنى مايمۇن ۋە چوشقىغا ئايلاندۇرغان.»** (سۈرە مائىدە 60 ـ ئايەت.)

وَلَقَدْ بَعَثْنَا فِي كُلِّ أُمَّةٍ رَّسُولاً أَنِ اعْبُدُواْ اللَّهَ وَاجْتَنِبُواْ الطَّاغُوتَ

**بىز ھەر بىر ئۈممەتكە «ئاللاھقا ئىبادەت قىلىڭلار، تاغۇتقا ئىبادەت قىلىشتىن يىراق بولۇڭلار» دەپ تەلىم بېرىش ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەۋەتتۇق.** (سۈرە نەھل 36 ـ ئايەت.)

وَالَّذِينَ اجْتَنَبُوا الطَّاغُوتَ أَن يَعْبُدُوهَا وَأَنَابُوا إِلَى اللَّهِ لَهُمُ الْبُشْرَى.

**قانداقكى كىشىلەر تاغۇتقا ئىبادەت قىلىشتىن ئۆزىنى تارتىپ، ئاللاھ تەرەپكە مۇراجىئەت قىلىدىكەن، ئۇلارغا خۇشخەۋەر بېرىلىدۇ.** (سۈرە زۇمەر 17 ـ ئايەت)

بۇ ھەر ئۈچىلى ئايەتتە ئىشلىتىلىۋاتقان «تاغۇتقا ئىبادەت قىلىش» دېگەن سۆز، تاغۇتقا قۇللۇق قىلىشنى ۋە ئىتائەت قىلىشنى بىلدۈرىدۇ. خۇددى بىز ئىلگىرى چۈشەندۈرۈپ ئۆتكەنگە ئوخشاش قۇرئان كەرىمنىڭ ئىستىلاھى (يەنى تېرمىنولوگىيەلىك) ئاتالغۇلىرىدا «تاغۇت» دېگەن سۆز ئاللاھنىڭ زېمىنىدا ئاللاھنىڭ بەندىلىرىنى ئۆزىگە بەندە قىلىۋېلىپ، ئۆز ھۆكمىنى يۈرگۈزىدىغان، زورلۇق ـ زومبۇلۇق بىلەن ياكى ئالداپ، تاماللاندۇرۇش بىلەن ۋەياكى ئازغۇن تەلىم ـ تەربىيىلىرى بىلەن كىشىلەرنى ئۆزىنىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇندىغان قىلىۋالغان ھەربىر ھۆكۈمەتنى، ھەربىر ھۆكۈمدارنى، شۇنداقلا ھەرقايسى پېشۋا، رەھبەرلەرنى بىلدۈرىدۇ. خۇددى شۇنىڭدەك، بۇ خىلدىكى ھۆكۈمەت ۋە ھۆكۈمرانلىقلار ئالدىدا، شۇنداقلا يېتەكچىلىك ۋە رەھبەرلىك ئالدىدا ئىتائەتكە باش ئېگىشمۇ شۇلارنىڭ بەندىچىلىكىنى قوبۇل قىلغانلىق، ئۇلارنىڭ ھۆكمىگە بويسۇنغانلىق، تاغۇتقا ئىبادەت قىلغانلىق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

## ئىبادەت — ئىتائەت مەنىسىدە

قېنى ئەمدى، ئىبادەت دېگەن سۆزنىڭ پەقەت ئىككىنچى مەنىسى يەنى، ئىتائەت مەنىسىدىلا ئىشلىتىلگەنلىكىگە قاراپ باقايلى:

أَلَمْ أَعْهَدْ إِلَيْكُمْ يَا بَنِي آدَمَ أَن لَّا تَعْبُدُوا الشَّيْطَانَ إِنَّهُ لَكُمْ عَدُوٌّ مُّبِينٌ

**ئى ئادەم باللىرى! شەيتانغا ئىبادەت قىلماڭلار، ئۇ ھەقىقەتەن سىلەرگە ئاشكارا دۈشمەندۇر، دەپ تەكىتلىمىدۇقمۇ؟** (سۈرە ياسىن 60 ـ ئايەت)

ھەممىمىزگە مەلۇمكى، دۇنيادا ھېچبىر ئىنسان شەيتانغا ئىبادەت قىلمايدۇ، بەلكى ھەر تەرەپتىن شەيتانغا لەنەت ياغدۇرىدۇ. شۇڭا قىيامەت كۈنى ئاللاھ تائالانىڭ ئادەم ئەۋلادلىرىنى شەيتانغا ئىبادەت قىلىش جىنايىتى بىلەن جاۋابكارلىققا تارتىشى ئىنسانلارنىڭ قانداقتۇر شەيتانغا چوقۇنغانلىقى سەۋەبىدىن ئەمەس، بەلكى شەيتاننىڭ سۆزىگە كىرىپ، ئۇنىڭ ھۆكمىگە ئەمەل قىلغانلىقى، شەيتان قانداق يولنى كۆرسەتسە شۇ يول تەرەپكە ماڭغانلىقى سەۋەبىدىن بولىدۇ.

احْشُرُوا الَّذِينَ ظَلَمُوا وَأَزْوَاجَهُمْ وَمَا كَانُوا يَعْبُدُونَ. مِن دُونِ اللَّهِ فَاهْدُوهُمْ إِلَى صِرَاطِ الْجَحِيمِ .... وَأَقْبَلَ بَعْضُهُمْ عَلَى بَعْضٍ يَتَسَاءَلُونَ. قَالُوا إِنَّكُمْ كُنتُمْ تَأْتُونَنَا عَنِ الْيَمِينِ. قَالُوا بَل لَّمْ تَكُونُوا مُؤْمِنِينَ. وَمَا كَانَ لَنَا عَلَيْكُم مِّن سُلْطَانٍ بَلْ كُنتُمْ قَوْمًا طَاغِينَ.

**(قىيامەت كۈنى بولغاندا ئاللاھ پەرىشتىلەرگە بۇيرۇق قىلىپ:) «زۇلۇم قىلغۇچىلارنى ۋە ئۇلارنىڭ ھەمراھلىرىنى ھەمدە ئۇلارنىڭ ئاللاھنى قويۇپ ئىبادەت قىلغان مەبۇدلىرىنى توپلاڭلار، ئاندىن ئۇلارنى دوزاخنىڭ يولىغا باشلاڭلار» دەيدۇ.... ئاندىن ئۇلار (يەنى كاپىرلار) بىر ـ بىرىگە بۇرۇلۇپ مۇنازىرىلىشىدۇ. (ئىبادەت قىلغۇچىلار ئۆز مەبۇدلىرىغا): «سىلەر بىزنىڭ**

**يېنىمىزغا ئۇلۇغ تەرەپتىن (يەنى ياخشىچاق بولۇپ) كېلەتتىڭلارغۇ؟!» دەيدۇ. ئۇلار جاۋابەن: «ياق، سىلەر ئۆزۈڭلار ئىمان كەلتۈرگۈچىلەردىن ئەمەس ئىدىڭلار، بىزنىڭ سىلەرنى زورلايدىغان كۈچىمىز يوق ئىدى، سىلەر ئۆزۈڭلار ئىتائەتسىز ئىدىڭلار» دەيدۇ.**①

بۇ ئايەتتە نەقىل قىلىنىۋاتقان مەبۇدلار بىلەن ئىبادەت قىلغۇچىلار ئوتتۇرىسىدىكى دە ـ تالاشلار ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزۈپ كۆرىدىغان بولساق، ئايەتتە «مەبۇد» دېيىلىۋاتقىنى ھەرگىزمۇ كىشىلەر چوقۇنىدىغان بۇت ياكى ھەيكەل ئەمەسلىكىنى، بەلكى ياخشى قىياپەتكە كىرىۋېلىپ، ئىنسانلارنى ئازدۇرىدىغان رەھبەرلەرنى، مۇقەددەسلىك تونىغا كىرىۋېلىپ، مازار، دەرەخ، سۇپا، سەللە، تەسبىھ، جەينامازلارنىڭ سايىسىدا ئاللاھنىڭ بەندىلىرىنى ئالداپ، ئاللاھقا ئەمەس، بەلكى ئۆزىگە ئەقىدەتمەن قىلىۋېلىشنىڭ غېمىنى قىلىدىغان، دەۋانى ئىسىل ھەم يوغان قىلىپ، ئەمەلىيەتتە پىتنە ـ پاسات تېرىيدىغان ئاتالمىش خوجا، دىرۋىش دىنىي پېشۋالارنى بىلدۈرىدۇ. دېمەك، بۇ ئايەتتە دەل ئەنە شۇنداق كىشىلەرگە قارىغۇلارچە ئەگىشىپ، ئۇلارنىڭ ھۆكۈملىرىگە شەرتسىز ئىتائەت قىلىشنى ئاللاھ تائالا «باشقا مەبۇدقا ئىبادەت قىلىش» دەپ ئاتىماقتا.

اتَّخَذُواْ أَحْبَارَهُمْ وَرُهْبَانَهُمْ أَرْبَابًا مِّن دُونِ اللَّهِ وَالْمَسِيحَ ابْنَ مَرْيَمَ وَمَا أُمِرُواْ إِلاَّ لِيَعْبُدُواْ إِلَهًا وَاحِدًا

① سۈرە سافقات 22 ـ 30 ـ ئايەت.

**ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئۆلىما، ماشايىخلىرىنى ئاللاھتىن باشقا رەب قىلىۋالدى، مەريەمنىڭ ئوغلى مەسىھنىمۇ ھەم. ھالبۇكى ئۇلار پەقەت بىر اللاھقا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇلغان ئىدى.**①

بۇ ئايەتتە، ئۆلىما، ماشايىخلارنى رەب قىلىۋېلىپ، شۇلارغا ئىبادەت قىلغانلىق سۆزلەنگەن بولۇپ، بۇنىڭ مەنىسى، ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ ھۆججىتىسىز شۇلارنىڭ بۇيرۇقلىرىنى، چەكلەش ۋە يول قويۇشتىن ئىبارەت ئەھكاملىرىنى بەجا كەلتۈرۈشنى بىلدۈرىدۇ. پەيغەمبىرىمىز سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەممۇ ئۆزىنىڭ بىر سەھىھ ھەدىسىدە، بۇ ئايەتنى دەل مۇشۇنداق ئىزاھلاپ بەرگەن. شۇچاغدا، «بىز ئۆزىمىزنىڭ ئۆلىما، ماشايىخلىرىمىزغا چوقۇنمايمىزغۇ؟» دەپ سورالغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «ئۇلار نېمىنى ھالال دەپ بەلگىلىسە، سىلەر شۇنى ھالال دەپ چۈشىنىۋالمىدىڭلارمۇ؟ ئۇلار نېمىنى ھارام دەپ بەلگىلىسە، سىلەر شۇنى ھارام قىلىۋالمىدىڭلارمۇ؟» دەپ جاۋاب بەرگەن.

## ئىبادەت — چوقۇنۇش مەنىسىدە

ئەمدى ئۈچىنچى مەنىسىگە ئالاقىدار ئايەتلەرگە قاراپ باقايلى! ئالدى بىلەن شۇنى ياخشى چۈشىنىۋېلىش لازىمكى، قۇرئان كەرىمنىڭ روھىغا ئاساسەن تۆۋەندىكىدەك ئىككى خىل پائالىيەتلەر ئىبادەتنىڭ چوقۇنۇش مەنىسىگە كىرىدۇ:

① سۈرە تەۋبە 31 ـ ئايەت.

1 ـ بىراۋنىڭ ئالدىدا سەجدە، رۇكۇ، قول باغلاپ قىيامدا تۇرۇش، ئەتراپىنى تاۋاپ قىلىپ، بوسوغا سۆيۈش، نەزىر، قۇربانلىق قىلىش قاتارلىق بىراۋغا چوقۇنۇش مەقسىتىدە ئېلىپ بېرىلىدىغان پائالىيەتلەر بولۇپ، مەيلى بىراۋنى «ئىلاھ» دەپ بىلسۇن، ياكى «كاتتا ئىلاھنىڭ ئالدىدا يېقىنلىققا ۋە شاپائەتكە ۋاستە بولغۇچى» دەپ قارىسۇن، ۋەياكى «كاتتا ئىلاھنىڭ ئىلاھلىق ئىنتىزامىنى يۈرگۈزۈشتە ئۇنىڭغا ھەمكارلىشىدىغان كىچىك ئىلاھ» دەپ قارىسۇن، بۇنىڭدىن قەتئىي نەزەر مەزكۇر پائالىيەتلەرنى بەجا كەلتۈرگەنلىكىنىڭ ئۆزى چوقۇنغانلىق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

2 ـ بىراۋنى «سەۋەبلەر ئالەمگە تەسىر كۆرسىتەلەيدۇ» دەپ قاراپ، ئۆز ھاجىتى ئۈچۈن دۇئا، ئىلتىجا قىلىش، قىيىنچىلىق ياكى مۇسىبەتتە قالغان چاغلىرىدا ئۇنىڭدىن مەدەت تىلەش، خېيىم ـ خەتەر، بالايىئاپەتلەردىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئۇنىڭ پاناھلىقىنى تىلەش بولۇپ، يۇقىرىقى مانا بۇ ھەرئىككى خىل پائالىيەتلەر قۇرئاننىڭ روھىغا ئاساسەن چوقۇنۇشنىڭ تەرىپى ئىچىگە كىرىدۇ. مەسىلەن:

قُلْ إِنِّي نُهِيتُ أَنْ أَعْبُدَ الَّذِينَ تَدْعُونَ مِن دُونِ اللَّهِ لَمَّا جَاءَنِيَ الْبَيِّنَاتُ مِن رَّبِّي

**ئېيتقىن: «مەن پەرۋەردىگارىمدىن روشەن دەلىللەرگە سازاۋەر بولۇپ بولغاندىن كېيىن سىلەرنىڭ ئاللاھنى قويۇپ ئىبادەت قىلىۋاتقانلىرىڭلارغا ئىبادەت قىلىشتىن مەنئى قىلىندىم»** (سۈرە مۆئمىن 66 ـ ئايەت)

وَأَعْتَزِلُكُمْ وَمَا تَدْعُونَ مِن دُونِ اللَّهِ وَأَدْعُو رَبِّي... فَلَمَّا اعْتَزَلَهُمْ وَمَا يَعْبُدُونَ مِن دُونِ اللَّهِ وَهَبْنَا لَهُ إِسْحَاقَ وَيَعْقُوبَ

(ئىبراھىم ئېيتتى) «مەن سىلەرنى ۋە سىلەر ئاللاھنى قويۇپ چوقۇنۇۋاتقان نەرسىلەرنى تاشلايمەن، مەن پەقەت پەرۋەردىگارىمنىلا چاقىرىمەن...» ئۇ (يەنى ئىبراھىم) ئۇلاردىن ۋە ئۇلارنىڭ ئاللاھنى قويۇپ چوقۇنۇۋاتقان نەرسىلىرىدىن يىراقلاشقاندا، بىز ئۇنىڭغا ئىسھاق بىلەن يەئقۇبنى پەرزەنت ئاتا قىلدۇق.[1]

وَمَنْ أَضَلُّ مِمَّن يَدْعُو مِن دُونِ اللَّهِ مَن لَّا يَسْتَجِيبُ لَهُ إِلَى يَوْمِ الْقِيَامَةِ وَهُمْ عَن دُعَائِهِمْ غَافِلُونَ. وَإِذَا حُشِرَ النَّاسُ كَانُوا لَهُمْ أَعْدَاء وَكَانُوا بِعِبَادَتِهِمْ كَافِرِينَ

ئاللاھنى قويۇپ قىيامەتكىچە دۇئانى ئىجابەت قىلىشقا قادىر بولالمايدىغانلارغا دۇئا قىلىدىغان ئادەمدىنمۇ گۇمراھ ئادەم بارمۇ؟ ئۇلار ھەتتا ئۇلارنىڭ دۇئا قىلىۋاتقانلىقىدىنمۇ خەۋەرسىزدۇر. (قىيامەت كۈنى) ئىنسانلار (ھېساب بېرىش ئۈچۈن) توپلانغان چاغدا، ئۇلار ئاشۇ دۇئا قىلغۇچىلارغا دۈشمەن بولىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ ئىبادەتلىرىنىمۇ ئىنكار قىلىدۇ.[2]

بۇ ھەر ئىككىلى ئايەتتە قۇرئان كەرىم ئىبادەتنى دۇئا قىلىش ۋە مەدەت تىلەش دەپ ئوچۇق چۈشەندۈرۈپ بەرمەكتە.

بَلْ كَانُوا يَعْبُدُونَ الْجِنَّ أَكْثَرُهُم بِهِم مُّؤْمِنُونَ

بەلكى بۇلار جىنلارغا ئىبادەت قىلاتتى، ئۇلارنىڭ تولىسى شۇلارغا ئىمان كەلتۈرەتتى. (سۈرە سەبە 41 ـ ئايەت)

[1] سۈرە مەريەم 48 ـ 49 ـ ئايەت.

[2] يەنى ئۇلار ئوچۇق قىلىپ، بىز بۇلارغا «بىزگە ئىبادەت قىلىڭلار» دەپ بۇيرۇمىغان ئىدۇق، «ھەتتا بۇلارنىڭ بىزگە ئىبادەت قىلىدىغانلىقىدىنمۇ خەۋەرسىز ئىدۇق» دەيدۇ. سۈرە ئەھقاف 5 ـ 6 ـ ئايەت.

بۇ يەردىكى جىنلارغا ئىبادەت قىلىش ۋە جىنلارغا ئىمان كەلتۈرۈش دېگەن سۆزدە زادى نېمىنىڭ كۆزدە تۇتۇلغانلىقى سۈرە جىننىڭ 6 ـ ئايىتىدە مۇنداق شەرھلەپ بېرىلگەن:

وَأَنَّهُ كَانَ رِجَالٌ مِّنَ الْإِنسِ يَعُوذُونَ بِرِجَالٍ مِّنَ الْجِنِّ

**«ئىنسانلاردىن بولغان بەزى كىشىلەر جىنلاردىن بولغان بەزى كىشىلەرنىڭ پاناھىغا سېغىناتتى.»**

بۇنىڭدىن بىلىۋېلىشقا بولىدۇكى، جىنلارغا ئىبادەت قىلىش دېگەنلىك جىنلارنىڭ پاناھلىقىغا سىغىنىشنى ھەمدە خېيىم، خەتەر مۇسىبەتلەرگە قارشى ئۇلاردىن مۇھاپىزەت تەلەپ قىلىشنى بىلدۈرىدۇ. جىنلارغا ئىمان كەلتۈرۈش دېگەنلىك بولسا، «جىنلار پاناھلىق بېرىش ۋە قوغداپ قىلىش قۇدرىتىگە ئىگە» دەپ ئەقىدە قىلىشنى بىلدۈرىدۇ.

وَيَوْمَ يَحْشُرُهُمْ وَمَا يَعْبُدُونَ مِن دُونِ اللَّهِ فَيَقُولُ أَأَنتُمْ أَضْلَلْتُمْ عِبَادِي هَؤُلَاء أَمْ هُمْ ضَلُّوا السَّبِيلَ. قَالُوا سُبْحَانَكَ مَا كَانَ يَنبَغِي لَنَا أَن نَّتَّخِذَ مِن دُونِكَ مِنْ أَوْلِيَاء...

**شۇ كۈندە (پەرۋەردىگارىڭ) ئۇلارغا قوشۇپ، ئۇلار ئاللاھنى قويۇپ چوقۇنغان مەبۇدلارنىمۇ بىرلىكتە يىغىدۇ. ئاندىن ئاللاھ ئۇلاردىن: «مېنىڭ بۇ بەندىلىرىمنى سىلەر ئازدۇردۇڭلارمۇ؟ يا ئۇلار ئۆزلىرى (توغرا) يولدىن ئازدىمۇ؟» دەپ سورايدۇ. ئۇلار: «ئى ئاللاھ! سەن پاكتۇرسەن، سېنى قويۇپ باشقىلارنى باشپاناھ قىلىۋېلىشقا بىزلەرنىڭ قەتئىي ھەددىمىز يوق» دەيدۇ.**[1]

[1] سۈرە فۇرقان 17 ـ 18 ـ ئايەت.

بۇ يەردىكى بايان ئۇسلۇبىدىن شۇنى ئۇچۇق بىلىۋالغىلى بولىدۇكى، مەبۇدلار دېگەن سۆز ئەۋلىيا، بۇزرۇكلارغا قارىتىلغان، ئۇلارغا ئىبادەت قىلىش دېگەنلىك بولسا، كىشىلەرنىڭ ئۇلارنى بەندىلىك سۈپىتىدىن يۇقىرى كۆتۈرۈۋېتىپ، ئىلاھىي سۈپەتلەر بىلەن سۈپەتلىنىۋالغانلىقىنى، ئۇلارنى غەيبتىن ياردەم بېرىشكە، مۈشكۈلنى ئاسان قىلىشقا، دادۇ ـ پەريادلارنى ئاڭلاشقا قادىر دەپ چۈشىنىۋالغانلىقىنى شۇڭا ئۇلارنى ئۇلۇغلاش ئۈچۈن چوقۇنۇش تۈسىنى ئالغان ھەرخىل پائالىيەتلەرنىمۇ بەجا كەلتۈرىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

وَيَوْمَ يَحْشُرُهُمْ جَمِيعًا ثُمَّ يَقُولُ لِلْمَلَائِكَةِ أَهَؤُلَاءِ إِيَّاكُمْ كَانُوا يَعْبُدُونَ. قَالُوا سُبْحَانَكَ أَنتَ وَلِيُّنَا مِن دُونِهِم.

**ئاللاھ ئۇ كۈندە پۈتۈن ئىنسانلارنى يىغىدۇ، ئاندىن پەرىشتىلەردىن: «بۇ كىشىلەر سىلەرگە ئىبادەت قىلامتى؟» دەپ سورايدۇ. پەرىشتىلەر: «سەن پاكتۇرسەن، بىزنىڭ ئالاقىمىز سەن بىلەندۇر، ئۇلار بىلەن ئەمەس» دەيدۇ[1].**

بۇ يەردىكى «پەرىشتىلەرگە ئىبادەت قىلىش»[2] دېگەن سۆز پەرىشتىلەرنىڭ خىيالى ھەيكەل، بۇتلىرىنى، قاتۇرۇۋېلىپ، شۇلارنىڭ نامىدا ئىبادەتخانا سېلىپ چوقۇنۇشنى بىلدۈرىدۇ. بۇ خىل چوقۇنۇشتىن مەقسەت ئۇلارنى خۇشال قىلىش ئارقىلىق نەزەر، ئىنايىتىگە ئېرىشىش، ئۇلارنىڭ دىققىتىنى ئۆز ئەھۋالى تەرەپكە تارتىشنى قولغا كەلتۈرۈپ، دۇنيالىق ئىشلىرىدا شۇلاردىن مەدەت تىلەش ئىدى.

① سۇرە سەبە، 40 ـ 41 ـ ئايەت

② بۇ يەردە تىلغا ئېلىنىۋاتقان پەرىشتىلەرنى باشقا مۇشرىك قەۋملەر (Gods) «ئىلاھلار» دەپ قارار قىلىۋېلىشقان بولسا، ئەرەب مۇشرىكلىرى «ئاللاھنىڭ قىزلىرى» دەپ بەلگىلىشىۋالغان ئىدى.

وَيَعْبُدُونَ مِن دُونِ اللّهِ مَا لاَ يَضُرُّهُمْ وَلاَ يَنفَعُهُمْ وَيَقُولُونَ هَؤُلاء شُفَعَاؤُنَا عِندَ اللّهِ

**ئۇلار ئاللاھنى قويۇپ، ئۆزلىرىگە نە پايدا، نە زىيان يەتكۈزەلمەيدىغان نەرسىلەرگە چوقۇنىدۇ، «بۇلار ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا بىزگە شاپائەت قىلغۇچىلاردۇر» دېيىشىدۇ.** (سۈرە يۇنۇس 18 ــ ئايەت)

وَالَّذِينَ اتَّخَذُوا مِن دُونِهِ أَوْلِيَاء مَا نَعْبُدُهُمْ إِلَّا لِيُقَرِّبُونَا إِلَى اللَّهِ زُلْفَى

**ئاللاھنى قويۇپ ئۇنىڭدىن باشقىنى باشپاناھ قىلىۋالغانلار (ئۆزلىرىنىڭ بۇ قىلمىشىنى چۈشەندۈرۈپ): «بىزنىڭ ئۇلارغا چوقۇنۇشىمىز پەقەت ئۇلارنىڭ بىزنى ئاللاھقا يېقىنلاشتۇرۇشى ئۈچۈندۇر» دېيىشىدۇ.** (سۈرە زۇمەر 3 ـ ئايەت.)

بۇ يەردىمۇ ئىبادەتنىڭ مەنىسى چوقۇنۇشنى بىلدۈرگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ زادى نېمە مەقسەتتە چوقۇندىغانلىقىمۇ شەرھلەپ بېرىلگەن.

### ئىبادەت ــــ بەندىچىلىك ۋە قۇللۇق، ئىتائەت ۋە چوقۇنۇش مەنىسىدە

يۇقىرىقى مىساللار بىلەن شۇنىسى ئېنىق ئايدىڭلىشىدۇكى، قۇرئان كەرىمدە «ئىبادەت» دېگەن سۆز بەزى يەردە قۇللۇق قىلىش ۋە ئىتائەت قىلىش مەنىسىدە، بەزى جايدا، پەقەتلا ئىتائەت قىلىش مەنىسىدە ئىشلىتىلگەن. ئەمدى بىز «ئىبادەت» دېگەن سۆزنىڭ يۇقىرىقى ئۈچلى مەنىدە ئىشلىتىلگەنلىكىگە ئائىت مىساللارنى كەلتۈرۈشتىن ئىلگىرى ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ تېخىمۇ ياخشى ئۆزلەشتۈرۈۋېلىشى ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم قىسقىچە مۇقەددىمە بېرىپ ئۆتمەكچىمىز.

يۇقىرىدا مىسال كەلتۈرۈلگەن ئايەتلەرنىڭ ھەممىسىدە ئاللاھتىن غەيرىگە ئىبادەت قىلىش تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، ئىبادەت ـ قۇللۇق قىلىش ياكى ئىبادەت قىلىش مەنىسىدە ئىشلىتىلگەن جايلارنىڭ ھەممىسىدە «مەبۇد» نىڭ شەيتان ئىكەنلىكى ياكى ئاللاھنىڭ بەندىلىرىنى ئاللاھقا ئەمەس، بەلكى ئۆزىگە ئىبادەت قىلدۇرۇپ، بەندىچىلىك قىلدۇرغان ئاسىي، تاغۇت ئىنسانلار ئىكەنلىكى ۋەياكى ئاللاھنىڭ كىتابىنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، ئۆزى ئويدۇرۇپ چىققان يوللارغا كىشىلەرنى يېتەكلىگەن رەھبەرلەر ئىكەنلىكى كۆرسىتىلگەن. ئەمما ئىبادەت، چوقۇنۇش مەنىسىدە ئىشلىتىلگەن جايلاردا بولسا، «مەبۇت»نىڭ ئەۋلىيا، ئەنبىيا، سالىھ كىشىلەر ئىكەنلىكى، ئۇلارنىڭ تەلىماتىغا خىلاپ ھالدا كىشىلەرنىڭ ئۇلارنى مەبۇد قىلىۋالغانلىقى، ياكى جىن ۋە پەرىشتىلەر بولۇپ، كىشىلەرنىڭ پەقەتلا خاتا تەسەۋۋۇرلار تۈپەيلى ئۇلارنى تەبىئەتتىن تاشقىرى رۇبۇبىيەتكە ھەسسىدار قىلىۋالغانلىقى، ۋەياكى خىيالى بۇت ھەيكەللەر بولۇپ، شەيتاننىڭ ئازدۇرۇشى تۈپەيلى كىشىلەرنىڭ ئۇلارنى چوقۇنۇش ئوبيېكتى قىلىۋالغانلىقى كۆرسىتىلگەن. قۇرئان كەرىم بۇ خىلدىكى پۈتۈن مەبۇدلارنى مەيلى ئۇلارغا قوللۇق ياكى ئىتائەت قىلىنغان ۋەياكى چوقۇنۇپ تىۋىنىلغان بولسۇن، قەتئىي ھالدا باتىل، شۇنداقلا ئۇلارغا ئىبادەت قىلىش پۈتۈنلەي خاتا، دەپ بەلگىلەيدۇ. قۇرئان كەرىم بۇ ھەقتە: «سىلەر ئىبادەت قىلىۋاتقان بۇ مەبۇدلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭ بەندىلىرى ۋە قۇللىرىدۇر. ئۇلار ئىبادەت قىلىنىشقا ھەقلىق ئەمەس، سىلەر ئۇلارغا ئىبادەت قىلىش بىلەن خارلىق، رەسۋالىق ۋە مەھرۇملۇقتىن باشقا ھېچ نەرسىگە ئېرىشەلمەيسىلەر. ھەقىقەتتە ئۇلارنىڭ ۋە پۈتۈن كائىناتنىڭ ئىگىسى

پەقەتلا ئاللاھتۇر. پۈتۈن ھوقۇق ئەنە شۇ ئاللاھنىڭ قولىدا. شۇڭا سىلەر پەقەت ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىڭلار» دەپ تەكىتلەيدۇ.

إِنَّ الَّذِينَ تَدْعُونَ مِنْ دُونِ اللَّهِ عِبَادٌ أَمْثَالُكُمْ فَادْعُوهُمْ فَلْيَسْتَجِيبُوا لَكُمْ إِنْ كُنْتُمْ صَادِقِينَ. وَالَّذِينَ تَدْعُونَ مِنْ دُونِهِ لَا يَسْتَطِيعُونَ نَصْرَكُمْ وَلَا أَنْفُسَهُمْ يَنْصُرُونَ

**سىلەر ئاللاھنى قويۇپ ئىبادەت قىلىدىغان مەبۇدلار سىلەرگە ئوخشاشلا بەندىلەردۇر. (قېنى) ئۇلارغا دۇئا قىلىپ كۆرۈپ بېقىڭلار، ئەگەر ئۇلار ھەققىدىكى ئەقىدەڭلار توغرا بولىدىغان بولسا، دۇئايىڭلارغا جاۋاب قايتۇرۇپ باقسۇن[①]... سىلەرنىڭ ئاللاھنى قويۇپ، ئىبادەت قىلىۋاتقىنىڭلار بولسا، نە سىلەرگە ياردەم قىلالمايدۇ، نە ئۆزلىرىگىمۇ ياردەم قىلىشقا قادىر ئەمەس.**
(سۈرە ئەئراف 194 ـ 197 ـ ئايەت)

وَقَالُوا اتَّخَذَ الرَّحْمَنُ وَلَدًا سُبْحَانَهُ بَلْ عِبَادٌ مُكْرَمُونَ. لَا يَسْبِقُونَهُ بِالْقَوْلِ وَهُم بِأَمْرِهِ يَعْمَلُونَ. يَعْلَمُ مَا بَيْنَ أَيْدِيهِمْ وَمَا خَلْفَهُمْ وَلَا يَشْفَعُونَ إِلَّا لِمَنِ ارْتَضَى وَهُم مِّنْ خَشْيَتِهِ مُشْفِقُونَ.

**بۇلار: «رەھماننىڭ (يەنى ئاللاھ) نىڭ بالىسى بار» دېيىشىدۇ، ئۇنداق ئەمەس. ئاللاھ (بۇنىڭدىن) پاكتۇر، ئۇلار بولسا، پەقەتلا ھۆرمەتلىك بەندىلەردۇر.»[②] ئۇلار ئاللاھنىڭ ئالدىدا ئالدىراپ سۆز قىلىشقىمۇ پېتىنالمايدۇ، پەقەت ئاللاھنىڭ پەرمانى بويىچىلا ئەمەل قىلىدۇ. ئاللاھ ئۇلارغا ئايان بولغانىنىمۇ بىلىدۇ ۋە ئۇلاردىن مەخپى بولغانىنىمۇ بىلىپ تۇرىدۇ، ئۇلار ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىدا ئاللاھ رازى بولغانلاردىن**

[①] جاۋاب قايتۇرۇشنىڭ مەنىسى ئۇنىلۇك جاۋاب قايتۇرۇش ئەمەس، بەلكى دۇئاغا جاۋابەن ئەمەلىي ھەرىكەت قىلىشنى بىلدۈرىدۇ.

[②] بۇ ئايەتتە تىلغا ئېلىنىۋاتقان ھۆرمەتلىك بەندىلەر پەرىشتىلەردىن ئىبارەتتۇر.

باشقىغا شاپائەت قىلالمايدۇ، ئۇلار دائىم ئاللاھتىن قورقۇپ تۇرىدۇ. (سۈرە ئەنبىيا 26 ـ 28)

وَجَعَلُوا الْمَلَائِكَةَ الَّذِينَ هُمْ عِبَادُ الرَّحْمَنِ إِنَاثًا

ئۇلار مەرھەمەتلىك ئاللاھنىڭ بەندىلىرى بولغان پەرىشتىلەرگە ئايال ئىلاھ دەپ ئېتىقاد قىلدى.[1]

وَجَعَلُوا بَيْنَهُ وَبَيْنَ الْجِنَّةِ نَسَبًا وَلَقَدْ عَلِمَتِ الْجِنَّةُ إِنَّهُمْ لَمُحْضَرُونَ

ئۇلار ئاللاھ بىلەن جىنلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا نەسەب رىشتىسى ياساپ چىقىشتى. ۋەھالەنكى جىنلار ئوبدان بىلىدۇكى، بۇ كىشىلەر چوقۇم جاۋابكارلىققا تارتىلىش ئۈچۈن ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىغا ھازىر قىلىنىدۇ.[2]

لَّن يَسْتَنكِفَ الْمَسِيحُ أَن يَكُونَ عَبْداً لِّلّهِ وَلاَ الْمَلآئِكَةُ الْمُقَرَّبُونَ وَمَن يَسْتَنكِفْ عَنْ عِبَادَتِهِ وَيَسْتَكْبِرْ فَسَيَحْشُرُهُمْ إِلَيهِ جَمِيعًا

مەسىھ ھېچ قاچان ئاللاھقا بەندە بولۇشنى ئۆزىگە ئار كۆرۈپ باققان ئەمەس، ياكى ئاللاھقا يېقىن پەرىشتىلەرمۇ ئار كۆرگەن ئەمەس. كىملەركى ئاللاھقا بەندىچىلىك قىلىشنى ئار كۆرىدىكەن ۋە كۆرەڭلەيدىكەن، (ئۇلار قېچىپ نەگىمۇ بارالىسۇن؟) بىر كۈنى ئاللاھ ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆز دەرگاھىغا توپلايدۇ.[3]

الشَّمْسُ وَالْقَمَرُ بِحُسْبَانٍ. وَالنَّجْمُ وَالشَّجَرُ يَسْجُدَانِ.

---

[1] سۈرە زەخرۇف 19 ـ ئايەت.

[2] سۈرە ساففات 158 ـ ئايەت.

[3] سۈرە نىسا 172 ـ ئايەت.

www.uyghurkitap.com

كۈن بىلەن ئاي (ئۆز بۇرجلىرىدا) مۇئەييەن ھېساب بويىچە سەير قىلىدۇ. ئوت - چۆپلەر، دەل - دەرەخلەر ئاللاھنىڭ ئىتائىتىگە باش ئېگىدۇ.[1]

تُسَبِّحُ لَهُ السَّمَاوَاتُ السَّبْعُ وَالأَرْضُ وَمَن فِيهِنَّ وَإِن مِّن شَيْءٍ إِلاَّ يُسَبِّحُ بِحَمْدَهِ وَلَكِن لاَّ تَفْقَهُونَ تَسْبِيحَهُمْ

يەتتە ئاسمان ۋە زېمىن ھەمدە ئۇلاردا مەۋجۇد بولغان پۈتۈن مەخلۇقاتلار ئاللاھنىڭ پاكلىقىنى بايان قىلماقتا. ئۇنى مەدھىيىلەش بىلەن تەسبىھ ئېيتمايدىغان ھېچقانداق شەيئى يوقتۇر. لېكىن سىلەر ئۇلارنىڭ تەسبىھلىرىنى چۈشەنمەيسىلەر. (سۈرە بەنى ئىسرائىل 44 ـ ئايەت)

وَلَهُ مَن فِي السَّمَاوَاتِ وَالأَرْضِ كُلٌّ لَّهُ قَانِتُونَ

ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى ھەممە نەرسە ئاللاھنىڭ مۈلكىدۇر. ھەممىسى ئۇنىڭ پەرمانىغا بويسۇنغۇچىدۇر.[2]

مَّا مِن دَآبَّةٍ إِلاَّ هُوَ آخِذٌ بِنَاصِيَتِهَا

كوكۈلىسى ئاللاھنىڭ قولىدا بولمايدىغان بىرمۇ جانلىق يوق. (سۈرە ھۇد 56 ـ ئايەت)

إِن كُلُّ مَن فِي السَّمَاوَاتِ وَالأَرْضِ إِلاَّ آتِي الرَّحْمَنِ عَبْدًا. لَقَدْ أَحْصَاهُمْ وَعَدَّهُمْ عَدًّا. وَكُلُّهُمْ آتِيهِ يَوْمَ الْقِيَامَةِ فَرْدًا.

ئاسمانلاردا ۋە زېمىندا ئاللاھنىڭ ئالدىغا قۇل بولۇش سالاھىيتى بىلەن ھازىر بولمايدىغان ھېچ مەخلۇق يوقتۇر. ئاللاھ ئۇلارنى تولۇق ساناپ

---

[1] سۈرە رەھمان 5 ـ 6 ـ ئايەت.
[2] سۈرە رۇم 26 ـ ئايەت.

**قويىدى. قىيامەت كۈنى ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىر ـ بىرلەپ ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا كېلىدۇ.** (سۈرە مەريەم، 93 ـ 95)

قُلِ اللَّهُمَّ مَالِكَ الْمُلْكِ تُؤْتِي الْمُلْكَ مَن تَشَاء وَتَنزِعُ الْمُلْكَ مِمَّن تَشَاء وَتُعِزُّ مَن تَشَاء وَتُذِلُّ مَن تَشَاء بِيَدِكَ الْخَيْرُ إِنَّكَ عَلَىَ كُلِّ شَيْءٍ قَدِيرٌ.

**ئېيتقىنكى، «پادىشاھلىقنىڭ ئىگىسى بولغان ئى ئاللاھ! خالىغان ئادەمگە پادىشاھلىقنى بېرىسەن، خالىغان ئادەمدىن پادىشاھلىقنى تارتىپ ئالىسەن؛ خالىغان ئادەمنى ئەزىز قىلىسەن، خالىغان ئادەمنى خار قىلىسەن؛ ھەممە ياخشىلىق سېنىڭ ئىختىيارىڭدىدۇر. شەكسىزكى، سەن ھەممىگە قادىرسەن.»** (سۈرە ئال ئىمران 26 ـ ئايەت)

بۇ ئايەتلەر ئارقىلىق قۇرئان كەرىم كىشىلەرنىڭ مەيلى قانداقلا شەكىل بىلەن بولمىسۇن ئىبادەت قىلىپ كېلىۋاتقان پۈتۈن مەبۇدلىرىنى «ماھىيەتتە ھېچ بىر ئىختىيارلىقى بولمىغان ئاللاھنىڭ قۇللىرى» دەپ ئىسپاتلاپ بولغاندىن كېيىن، ئاندىن پۈتۈن ئىنسانلار بىلەن جىنلارغا «مەيلى قانداقلا مەنىدىن بولمىسۇن ئىبادەت پەقەت ئاللاھقىلا بولۇشى لازىم. قۇللۇقمۇ، ئىتائەتمۇ ۋە چوقۇنۇشمۇ پەقەت ئۇنىڭغىلا بولۇشى لازىم. بۇلارنىڭ ھېچ بىرىنى ئاللاھتىن باشقىغا قىلىشقا قەتئىي بولمايدۇ» دېگەن تەلەپنى قويىدۇ.

وَلَقَدْ بَعَثْنَا فِي كُلِّ أُمَّةٍ رَّسُولاً أَنِ اعْبُدُواْ اللّهَ وَاجْتَنِبُواْ الطَّاغُوتَ.

**بىز ھەر بىر ئۈممەتكە «ئاللاھقا ئىبادەت قىلىڭلار، تاغۇتقا ئىبادەت قىلىشتىن يىراق بولۇڭلار» دېگەن يوليورۇق بىلەن پەيغەمبەر ئەۋەتتۇق.** (سۈرە نەھل 36 ـ ئايەت)

وَالَّذِينَ اجْتَنَبُوا الطَّاغُوتَ أَن يَعْبُدُوهَا وَأَنَابُوا إِلَى اللَّهِ لَهُمُ الْبُشْرَى.

**قانداقكى كىشىلەر تاغۇتقا ئىگىشىشتىن ئۆزىنى تارتىدىكەن ۋە ئاللاھ تەرەپكە مۇراجىئەت قىلىدىكەن، ئۇلارغا خۇشخەۋەر بېرىلىدۇ.** (سۈرە زۇمەر 17 ــ ئايەت)

أَلَمْ أَعْهَدْ إِلَيْكُمْ يَا بَنِي آدَمَ أَن لَّا تَعْبُدُوا الشَّيْطَانَ إِنَّهُ لَكُمْ عَدُوٌّ مُّبِينٌ. وَأَنْ اعْبُدُونِي هَذَا صِرَاطٌ مُّسْتَقِيمٌ

**«ئى ئادەم بالىلىرى! شەيتانغا ئىبادەت قىلماڭلار، ئۇ ھەقىقەتەن سىلەرگە ئاشكارا دۈشمەندۇر، ماڭىلا ئىبادەت قىلىڭلار، مانا بۇ توغرا يولدۇر، دەپ تەكىتلىمىدىممۇ؟»**[1]

اتَّخَذُواْ أَحْبَارَهُمْ وَرُهْبَانَهُمْ أَرْبَابًا مِّن دُونِ اللّهِ... وَمَا أُمِرُواْ إِلاَّ لِيَعْبُدُواْ إِلَهًا وَاحِدًا.

**ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئۆلىمالىرىنى ۋە راھىپلىرىنى ئاللاھتىن باشقا پەرۋەردىگار قىلىۋالدى... ھالبۇكى ئۇلار پەقەت بىرلا ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇلغان ئىدى.**[2]

يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُواْ كُلُواْ مِن طَيِّبَاتِ مَا رَزَقْنَاكُمْ وَاشْكُرُواْ لِلّهِ إِن كُنتُمْ إِيَّاهُ تَعْبُدُونَ

**ئى مۇئمىنلەر! ئەگەر سىلەر ھەقىقەتەن ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىدىغان بولساڭلار، بىز سىلەرنى رىزىقلاندۇرغان ھالال نەرسىلەردىن تەرەددۇتسىز يەڭلار ۋە ئاللاھقا شۈكرى ئادا قىلىڭلار.** (سۈرە بەقەرە 172 ــ ئايەت)

بۇ ئايەتلەردە ئىبادەتنى پەقەتلا ئاللاھقا مەخسۇسلاشتۇرۇشقا ھۆكۈم قىلىنغان بولۇپ، ئىبادەت — بەندىچىلىك قىلىش، قولluق قىلىش، ئىتائەت قىلىش ۋە بۇيرۇققا بويسۇنۇش مەنىسىدە كەلگەن. بۇ نۇقتىنى

---

[1] سۈرە ياسىن 60 ــ 61 ــ ئايەت.

[2] سۈرە تەۋبە 31 ــ ئايەت.

ئىسپاتلايدىغان «قەرىنە» (يەنى ياندىش پاكىت)، تاغۇتقا، شەيتانغا، مۇستەبىت ھۆكۈمرانلارغا، شەيخ، ماشايىخ، ئاتا ـ بوۋىلارغا ئىتائەت ۋە بەندىچىلىك قىلىشتىن ساقلىنىپ، پەقەت ئاللاھقىلا ئىتائەت ۋە بەندىچىلىك قىلىش يولىنى تاللاشنىڭ كۆرسىتىلىۋاتقانلىقىدىن ئىبارەتتۇر.

قُلْ إِنِّي نُهِيتُ أَنْ أَعْبُدَ الَّذِينَ تَدْعُونَ مِن دُونِ اللَّهِ لَمَّا جَاءَنِيَ الْبَيِّنَاتُ مِن رَّبِّي وَأُمِرْتُ أَنْ أُسْلِمَ لِرَبِّ الْعَالَمِينَ

**ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا ئېيتىپ قويغىنكى: «سىلەر ئاللاھنى قويۇپ ئىبادەت قىلىۋاتقان مەبۇدلىرىڭلارغا ئىبادەت قىلىشتىن مەنئى قىلىندىم، پەرۋەردىگارىمدىن ماڭا روشەن دەلىللەر كەلگەن چاغدا (ئۇنداق ئىشنى قانداقمۇ قىلغۇدەكمەن؟)، مەن ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارىغا بويسۇنۇشقا بۇيرۇلدۇم»**. (سۈرە مۆئمىن 66 ـ ئايەت)

وَقَالَ رَبُّكُمُ ادْعُونِي أَسْتَجِبْ لَكُمْ إِنَّ الَّذِينَ يَسْتَكْبِرُونَ عَنْ عِبَادَتِي سَيَدْخُلُونَ جَهَنَّمَ دَاخِرِينَ

**پەرۋەردىگارىڭلار ئېيتتىكى: «ماڭا دۇئا قىلىڭلار، مەن دۇئايىڭلارنى قوبۇل قىلىمەن. شۈبھىسىزكى، مېنىڭ ئىبادىتىمدىن چوڭچىلىق قىلىپ باش تارتىدىغانلار خار بولغان ھالدا جەھەننەمگە تاشلىنىدۇ»**[1]

ذَلِكُمُ اللَّهُ رَبُّكُمْ لَهُ الْمُلْكُ وَالَّذِينَ تَدْعُونَ مِن دُونِهِ مَا يَمْلِكُونَ مِن قِطْمِيرٍ. إِن تَدْعُوهُمْ لَا يَسْمَعُوا دُعَاءَكُمْ وَلَوْ سَمِعُوا مَا اسْتَجَابُوا لَكُمْ وَيَوْمَ الْقِيَامَةِ يَكْفُرُونَ بِشِرْكِكُمْ

ئەنە شۇ ئاللاھ سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلاردۇر، پادىشاھلىق ئۇنىڭغا خاستۇر، ئۇنى قويۇپ سىلەر چاقىرىۋاتقان باشقىلار قىلچىلىك نەرسىگە ئىگە ئەمەس. ئەگەر ئۇلارغا دۇئا قىلساڭلار، سىلەرنىڭ دۇئالىرىڭلارنى ئاڭلىمايدۇ،

[1] سۈرە مۆئمىن 60 ـ ئايەت.

www.uyghurkitap.com

ئاڭلىغان تەقدىردىمۇ سىلەرگە جاۋاب قايتۇرالمايدۇ، قىيامەت كۈنى ئۇلار سىلەرنىڭ شېرىك قىلىۋالغانلىقىڭلارنىمۇ ئىنكار قىلىدۇ.[①]

قُلْ أَتَعْبُدُونَ مِن دُونِ اللّهِ مَا لاَ يَمْلِكُ لَكُمْ ضَرًّا وَلاَ نَفْعًا وَاللّهُ هُوَ السَّمِيعُ الْعَلِيمُ

**ئۇلارغا ئېيتقىنكى، «سىلەر ئاللاھتىن باشقا، سىلەرگە نە پايدا، نە زىيان يەتكۈزۈشكە قادىر بولالمايدىغان بىرىگە چوقۇنامسىلەر؟ ھالبۇكى ئاللاھ بولسا ھەممە نەرسىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر.**[②]

بۇ ئايەتلەردە ئىبادەتنى ئاللاھقىلا مەخسۇسلاشتۇرۇش بايان قىلىنغان بولۇپ، ئىبادەت — چوقۇنۇش مەنىسىدە كەلگەن. بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلايدىغان ئېنىق «قەرىنە» (يەنى ئانداش پاكىت)، ئىبادەتنىڭ دۇئا قىلىش بىلەن مەنداش شەكىلدە ئىشلىتىلگەنلىكىدۇر ھەمدە ئالدىنقى ۋە كېيىنكى ئايەتلەردە تەبىئەتتىن تاشقىرى رۇبۇبىيەتتە ئاللاھقا شېرىك قىلىۋېلىنغان مەبۇدلارنىڭ تىلغا ئېلىنغانلىقىدۇر.

ئەمدى ھەرقانداق بىر تەپەككۇر ساھىبى بولغان كىشىگە نىسبەتەن شۇنى چۈشىنىۋېلىش قىيىن ئەمەسكى، قۇرئان كەرىمنىڭ ھەرقانداق يېرىدە ئاللاھقا ئىبادەت قىلىش تىلغا ئېلىنغان بولسا ھەمدە ئىبادەت دېگەن سۆزنىڭ ئەتراپىدا ئۇنىڭ ھەرقايسى مەنىلىرىدىن مەخسۇس بىر مەنىسىگە قارىتىلغانلىقىنى ئىسپاتلايدىغان بىرەر «قەرىنە» (يەنى ئانداش پاكىت) بولمىسا، چوقۇمكى، ئۇنداق جايلارنىڭ ھەممىسىدە، «ئىبادەت»نىڭ مەنىسى، قۇللۇق قىلىش، ئىتائەت قىلىش ۋە چوقۇنۇش قاتارلىق ھەر

---

① سۈرە فاتىر 13 ـ 14 ـ ئايەت.

② سۈرە مائىدە 76 ـ ئايەت.

ئۈچىلى مەندە تەڭ ئىشلىتىلگەن بولىدۇ. مىسال ئۈچۈن تۆۋەندىكى ئايەتلەرنى مۇلاھىزە قىلىپ باقايلى!

إِنَّنِي أَنَا اللَّهُ لَا إِلَهَ إِلَّا أَنَا فَاعْبُدْنِي

**مانا مەن ھەقىقىي ئاللاھتۇرمەن، مەندىن باشقا ھېچ مەبۇد يوقتۇر، (يالغۇز) ماڭىلا ئىبادەت قىلغىن.**[1]

ذَلِكُمُ اللّهُ رَبُّكُمْ لا إِلَهَ إِلاَّ هُوَ خَالِقُ كُلِّ شَيْءٍ فَاعْبُدُوهُ وَهُوَ عَلَى كُلِّ شَيْءٍ وَكِيلٌ

**ئەنە شۇ ئاللاھ سىلەرنىڭ رەببىڭلاردۇر، ئاللاھتىن بۆلەك ھېچ مەبۇد يوقتۇر، ئۇ ھەممە نەرسىنى ياراتقۇچىدۇر، شۇڭا ئۇنىڭغىلا ئىبادەت قىلىڭلار، ئۇ ھەر نەرسىگە ھامىيدۇر.**[2]

قُلْ يَا أَيُّهَا النَّاسُ إِن كُنتُمْ فِي شَكٍّ مِّن دِينِي فَلاَ أَعْبُدُ الَّذِينَ تَعْبُدُونَ مِن دُونِ اللّهِ وَلَكِنْ أَعْبُدُ اللّهَ الَّذِي يَتَوَفَّاكُمْ وَأُمِرْتُ أَنْ أَكُونَ مِنَ الْمُؤْمِنِينَ

**ئى پەيغەمبەر! ئېيتقىنكى، «ئى ئىنسانلار! ئەگەر سىلەر مېنىڭ دىنىمدىن گۇمانلىنىدىغان بولساڭلار، بىلىپ قويۇڭلاركى، سىلەرنىڭ ئاللاھنى قويۇپ ئىبادەت قىلىۋاتقانلىرىڭلارغا مەن ئىبادەت قىلمايمەن، بەلكى مەن سىلەرنى قەبزى روھ قىلىدىغان ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىمەن، ۋە مەن مۆمىنلەردىن بولۇشقا بۇيرۇلدۇم.»**[3]

مَا تَعْبُدُونَ مِن دُونِهِ إِلاَّ أَسْمَاء سَمَّيْتُمُوهَا أَنتُمْ وَآبَآؤُكُم مَّا أَنزَلَ اللّهُ بِهَا مِن سُلْطَانٍ إِنِ الْحُكْمُ إِلاَّ لِلّهِ أَمَرَ أَلاَّ تَعْبُدُواْ إِلاَّ إِيَّاهُ ذَلِكَ الدِّينُ الْقَيِّمُ

---

[1] سۈرە تاھا 14 ــ ئايەت.

[2] سۈرە ئەنئام 102 ــ ئايەت.

[3] سۈرە يۇنۇس 104 ــ ئايەت.

سىلەرنىڭ ئاللاھنى قويۇپ ئىبادەت قىلىۋاتقىنىڭلار سىلەر ئۆزۈڭلار ۋە ئاتا ــ بوۋاڭلار ئاتىۋالغان ناملاردىنلا ئىبارەتتۇر، ئاللاھ ئۇلارغا ھېچقانداق دەلىل چۈشۈرگىنى يوق، ھۆكۈمرانلىق ئاللاھقىلا خاستۇر، ئاللاھتىن باشقا ھېچكىمگە مەنسۇپ ئەمەس، ئۇ سىلەرنى پەقەت ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇيدۇ، مانا بۇ توغرا يولدۇر. (سۈرە يۈسۈف 40 ــ ئايەت)

وَلِلّٰهِ غَيْبُ السَّمَاوَاتِ وَالأَرْضِ وَإِلَيْهِ يُرْجَعُ الأَمْرُ كُلُّهُ فَاعْبُدْهُ وَتَوَكَّلْ عَلَيْهِ

ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى غايىبنى بىلىش ئاللاھقا خاستۇر، ھەممە ئىش ئاللاھقا قايتۇرۇلىدۇ، ئى پەيغەمبەر! ئاللاھقا ئىبادەت قىلغىن ۋە ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلغىن.[①]

لَهُ مَا بَيْنَ أَيْدِينَا وَمَا خَلْفَنَا وَمَا بَيْنَ ذَلِكَ وَمَا كَانَ رَبُّكَ نَسِيًّا. رَبُّ السَّمَاوَاتِ وَالأَرْضِ وَمَا بَيْنَهُمَا فَاعْبُدْهُ وَاصْطَبِرْ لِعِبَادَتِهِ

بىزنىڭ ئالدىمىزدىكى، ئارقىمىزدىكى ۋە ئالدى ــ كەينىمىز ئارىسىدىكى ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭ ئىلكىدىدۇر، پەرۋەردىگارىڭ ھەرگىزمۇ ئۇنتۇپ قالغۇچى ئەمەستۇر، ئۇ ئاسمانلارنىڭ، زېمىننىڭ ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بارلىق شەيئىلەرنىڭ ئىگىسىدۇر، شۇڭا ئۇنىڭغىلا ئىبادەت قىلغىن، ئاللاھنىڭ ئىبادىتىدە سابىت قەدەم بولغىن. (سۈرە مەريەم 64 ــ 65 ــ ئايەت)

فَمَنْ كَانَ يَرْجُو لِقَاءَ رَبِّهِ فَلْيَعْمَلْ عَمَلًا صَالِحًا وَلَا يُشْرِكْ بِعِبَادَةِ رَبِّهِ أَحَدًا

---

① سۈرە ھۇد 123 ــ ئايەت.

**كىمكى، پەرۋەردىگارىغا مۇلاقات بولۇشنى ئۈمىد قىلىدىكەن ياخشى ئىش قىلسۇن. پەرۋەردىگارىغا قىلىدىغان ئىبادەتكە ھېچكىمنى شېرىك كەلتۈرمىسۇن.**[1]

بۇ ئايەتلەردە ۋە مۇشۇنىڭغا ئوخشاش باشقا بارلىق ئايەتلەردە «ئىبادەت» دېگەن سۆزنى پەقەتلا چوقۇنۇش، ياكى قۇللۇق قىلىش ۋە ئىتائەت قىلىش دېگەن مەنىلەرگە خاسلاشتۇرۇۋېلىشقا ھېچ بىر سەۋەب يوق. دەرۋەقە بۇ خىلدىكى ئايەتلەردە قۇرئان كەرىم ئۆزىنىڭ پۈتۈن دەۋىتىنى ئوتتۇرىغا قويغان بولىدۇ. ئېنىقكى، قۇرئاننىڭ دەۋىتى «قۇللۇق، ئىتائەت ۋە چوقۇنۇشنىڭ ھەممىسى ئاللاھقا خاس بولۇش لازىم» دېگەندىن ئىبارەتتۇر. شۇڭلاشقا بۇ خىلدىكى جايلاردا ئىبادەتنىڭ مەنىسىنى قانداقتۇر بىرەر مەخسۇس مەنا دائىرىسىگە ئەكىرىپ قويۇش ماھىيەتتە قۇرئاننىڭ دەۋىتىنى تارلاشتۇرغانلىق بولىدۇ. بۇنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسى شۇكى، كىشىلەر قۇرئاننىڭ دەۋىتىگە قارىتا چەكلىك تەسەۋۋۇر ئىچىدە ئىمان كەلتۈرۈشكە ۋە ئۇنىڭغا ناقىس ھەم يېتەرسىز ئەگىشىشكە باشلايدۇ.

---

[1] سۈرە كەھف 110 ـ ئايەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# دىن

## لۇغەتتىكى ئۇقۇملىرى ھەققىدە تەھلىل

ئەرەب تىلىدا «دىن» دېگەن سۆز ئوخشاش بولمىغان مەنىلەر ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

1 ــ مەنىسى، غەلىبە، ئىستىلا، ھۆكۈمرانلىق، باشقىلارنى ئىتائەتكە مەجبۇر قىلىش، ئۇلارغا ئۆزىنىڭ (Soverreignty) دىكتاتۇرىسىنى يۈرگۈزۈش، ئۇلارنى ئۆزىگە قۇل قىلىش ۋە بۇيرۇققا بويسۇندۇرغان قىلىش دېگەن مەنىلەردە ئىشلىتىدۇ. مەسىلەن: ‹دان الناس› دېگەنلىك «كىشىلەرنى ئىتائەتكە مەجبۇر قىلدى» دېگەنلىك بولىدۇ. ‹دنتهم فدانوا› دېگەن «مەن ئۇلارنى مەغلۇپ قىلدىم ۋە ئۇلار ماڭا بويسۇندى» دېگەنلىك بولىدۇ. شۇنىڭدەك، ‹دنت القوم اى اذللتهم واستعبدتهم› دېگەننىڭ مەنىسى، «مەن پالانى قەۋمنى يەڭدىم ۋە قۇل قىلدىم» دېگەنلىك بولىدۇ. ‹دان الرجل اذا عزّ› دېگەننىڭ مەنىسى، «پالانى كۈچلۈك ۋە ئىززەتلىك بولدى» دېگەنلىك بولىدۇ. ‹دنت الرجل حملته على ما يكره› نىڭ مەنىسى، «مەن ئۇنى ئۆزى رازى بولمىغان ئىشقا مەجبۇر قىلدىم» دېگەنلىك بولىدۇ. ‹دين فلان اذا حمل على مكره› نىڭ مەنىسى، «پالانى كىشى بۇ ئىشقا بىسىم بىلەن مەجبۇر قىلىندى» دېگەنلىك بولىدۇ. دنته، ‹اى سئسته وملكته› دېگەنلىك، «مەن ئۇنىڭغا ھۆكۈم يۈرگۈزدۈم ۋە ھۆكۈمرانلىق قىلدىم» دېگەننى بىلدۈرىدۇ. ‹ديّته القوم ولّيته سياستهم› دېگەنلىك «مەن كىشىلەرگە سىياسەت قىلىش ۋە ھۆكۈمرانلىق

قىلىشنى پالانغا تاپشۇردۇم» دېگەنلىك بولىدۇ. دەل مۇشۇ مەنىدە ھۆتەيئە ئۆز ئانىسىغا خىتاب قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

لقد دينت امر بنيك حتى    تركتهم ادق من الطحين

«سەن ئۆز پەرزەنتلىرىڭنىڭ ئىشىغا باشقۇرغۇچى قىلىنغان ئىدىڭ، ئاخىرى سەن ئۇنى ئۇندىنمۇ يۇمران قىلىپ قويدۇڭ.»

بىر ھەدىستە، «ئۆز نەپسىنى مەغلۇپ قىلغان ۋە ئاخىرەت ئۈچۈن مەنپەئەتلىك ئىش قىلغان كىشى ئەقىللىقتۇر» دېيىلگەن. مانا بۇ مەنىدىن بىرەر دۆلەت، بىرەر قەۋم ياكى قەبىلە ئۈستىدىن غالىپ كېلىپ، ئۇلارغا ئۆز ھۆكمىنى يۈرگۈزگەن كىشىمۇ «ديّان» دەپ ئاتىلىدۇ. ئىشرۇلھەرمازىمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا خىتاب قىلىپ، ‹يا سيد الناس وديّان العرب› دېگەن ئىدى. دەل مۇشۇ نۇقتىدىن «مدين» نىڭ مەنىسى «قۇل» ۋە «مدينة» نىڭ مەنىسى «چۆرە» بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

قۇرئان كەرىمدىمۇ «ئەگەر سىلەر بىرەرسىنىڭ مۇلكى، ياكى قول ئاستىدا بويسۇنغۇچىسى بولمىساڭلار، ئۇنىداقتا ئۆلگۈچىلەرنى نېمىشقا قۇتقۇزۇۋالمايسىلەر؟ جېنىنى نېمىشقا قايتۇرۇپ كەلمەيسىلەر؟ ئەگەر سۆزۈڭلاردا راستچىل بولساڭلار» دېيىلگەن.

2 ـ مەنىسى ئىتائەت، قۇللۇق، خىزمەتكارلىق، بىرەرسىگە يېقىنلىش، بىرەرسىنىڭ بۇيرۇقى ئاستىدا بولۇش، بىرەرسىنىڭ غەلىبە ۋە دىكتاتورىسى ئالدىدا تۆۋەنچىلىكنى قوبۇل قىلىش دېگەنلەرنى بىلدۈرىدۇ. شۇڭا ‹دنتهم فدالوا، اى قهرتهم فاطاعوا› دېگەنلىك، «مەن ئۇلارنى مەغلۇپ قىلدىم ۋە ئۇلار بويسۇنغۇچى بولدى» دېگەنلىك بولىدۇ. ‹دنت الرجل، اى خدمته› دېگەنلىك،

«مەن پالانى كىشىگە خىزمەت قىلدىم» دېگەن بولىدۇ. بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام، «مەن قۇرەيش خەلقىنى شۇنداق بىر سۆزگە ئىتائەت قىلغۇچى قىلىشنى خالايمەنكى، ئەگەر ئۇلار ئۇنىڭغا ئىمان كەلتۈرسە، پۈتۈن ئەرەپ ئۇلارغا بويسۇنىدۇ، ئۇلارنىڭ ئالدىدا باش ئېگىدۇ» دېگەن. دەل مانا بۇ مەنە نۇقتىسىدىن ھەرقانداق ئىتائەتمەن قەۋم «قوم دِيَن» دەپ ئاتىلىدۇ. دەل مۇشۇ مەنىدىن خاۋارىجلار ھەققىدىكى ھەدىستە «دىن» دېگەن سۆز «يمرقون من الدين مروق السهم من الرمِيّة»[1] دەپ ئىشلىتىلگەن.

3 ـ مەنىسى، شەرىئەت، قانۇن، يول، ئېتىقاد ۋە ئىزىم ھەمدە ئۆرپ ـ ئادەت دېگەنلەرنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن: «ما ذال ذالك ديني و ويدني» دېگەنلىك «بۇ ھەر دائىم مېنىڭ يولۇم بولۇپ كەلگەن» دېگەن بولىدۇ. «يقال دان، اذا اعتاد خيراً وشرًا» دېگەن، «ئادەم مەيلى ياخشى ياكى يامان يولغا ئەگەشكەن بولسۇن، ھەر ئىككى ئەھۋالدا، ئۇنىڭ ئەگەشكەن يولى «دىن» دېيىلىدۇ» دېگەنلىك بولىدۇ. بىر ھەدىستە، «قۇرەيش ۋە ئۇلارنىڭ يولىغا ئەگەشكەنلەر» دېيىلگەن بولسا، يەنە بىر ھەدىستە، «پەيغەمبەر

---

[1] بۇ ھەدىسنىڭ مەنىسى ھەرگىزمۇ «خاۋارىجلار دىندىن يەنى ئىسلامىيەتتىن چىقىپ كەتتى» دېگەنلىك بولمايدۇ. چۈنكى ئۇلار ھەققىدە ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، يەنى، «ئۇلار كاپىر بولدىمۇ؟» دەپ سورىغاندا، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يەنى «كۇپۇرلۇقتىن قاچتى» دەپ جاۋاب بەرگەن. ئاندىن يەنى «ئۇنداقتا مۇناپىق بولدىمۇ؟» دەپ سورىغاندا، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ «مۇناپىق دېگەن ئاللاھنى ئاز ياد ئېتىدۇ، ئۇلار بولسا، كېچە ـ كۈندۈز ئاللاھنى ئەسلەپ تۇرىدۇ» دەپ جاۋاب بەرگەن. دەل مانا بۇ نۇقتىدىن بۇ ھەدىستىكى «دىن» دېگەن سۆز ئىمامغا ئىتائەت قىلىش مەنىسىدە ئىشلىتىلگەن بولىدۇ. شۇڭا ئىبنى ئەسىر ئۆزىنىڭ «نىھايە» دېگەن ئەسىرىدە دەپ بايان قىلغان. (2 ـ جىلد. 41 ـ 42 ـ بەت)

ئەلەيھىسسالام ئىلگىرى ئۆز قەۋمىنىڭ دىنىدا ئىدى» (يەنى، نىكاھ، تالاق، مىراس ۋە باشقا ئىجتىمائىي ئىشلاردا ئۆز قەۋمىگە ئومۇملاشقان قائىدە، قانۇنلارغا رىئايە قىلاتتى) دېيىلگەن.

4 ـ مەنىسى، ئەمەل، بەدەل، مۇكاپات، جازا، قارار، ھېساب دېگەنلەرنى بىلدۇرىدۇ. مەسىلەن، ئەرەب ماقال تەمسىللىرىدىكى، «كما تدين تدان» دېگەنلىك، «نېمىنى قىلساڭ، شۇنى ئالىسەن» ( يەنى نېمە تېرىساڭ شۇنى ئالىسەن) دېگەنلىك بولىدۇ. قۇرئان كەرىمدە كۆپپارلارنىڭ سۆزىنى نەقىل كەلتۈرۈپ، ‹كما تدين تدان› «يەنى ئۆلگەندىن كېيىن بىزدىن ھېساب ئېلىنامدۇ؟ بىزگە قىلغانلىرىمىزنىڭ بەدىلى تېگىشلىك بولامدۇ؟» دېگەنلىكى بايان قىلىنغان. ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە، «ئۆز ھۆكۈمرانلىرىڭلارنى ھاقارەتلىمەڭلار، بەلكى ‹ئى ئاللاھ! ئۇ بىزگە قانداق قىلىشۋاتقان بولسا، سەنمۇ ئۇنىڭغا شۇنداق قىلغىن› دەڭلار» دېيىلگەن. مانا بۇ مەنىدىن ‹ديّان› دېگەن سۆز قازى، ئادالەت مەھكىمىسىنىڭ ھاكىمى دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. مەلۇم بىر زاتتىن ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەققىدە سوئال سورىغاندا ئۇ كىشى: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن ئۇممەتنىڭ ئەڭ كاتتا قازىسى ئىدى» دەپ جاۋاب بەرگەن.

## «دىن» دېگەن سۆزنىڭ قۇرئاندا ئىشلىتىلىشى

بۇ تەپسىلاتلار ئارقىلىق شۇ ئوچۇق ئايدىڭلىشىدۇكى، «دىن» دېگەن سۆزنىڭ ئاساسى تۆت خىل ئۇقۇم تەسەۋۋۇرىدىن ئىبارەت. ياكى باشقىچە

www.uyghurkitap.com

قىلىپ ئېيتقاندا، «دىن» دېگەن سۆز تۆۋەندىكىچە تۆت خىل ئۇقۇم تەسەۋۋۇرغا ۋەكىللىك قىلىدۇ.

1 ــ بىرەر ھۆكۈمران تەرىپىدىن غەلىبە ياكى ئىستىلا.

2 ــ ھۆكۈمران ئالدىدا ئىگىلگۈچى تەرەپنىڭ ئىتائەت، قۇللۇق ۋە چوقۇنۇش.

3 ــ رىئايە قىلىنىشى لازىملىق قانۇن، تۈزۈم ۋە يول.

4 ــ ھېساب، قارار، جازا ۋە مۇكاپات.

ئەرەب خەلقى «دىن» دېگەن سۆزنى مانا بۇ تۆت خىل ئۇقۇمنىڭ بەزىدە بىرسىگە بەزىدە يەنە بىرسىگە قارىتىپ ھەر خىل شەكىلدە ئىشلىتىپ كەلگەن. بۇ تۆت ئىشقا نىسبەتەن ئەرەب خەلقىنىڭ ئۇقۇم، تەسەۋۋۇرى پۈتۈنلەي ساپ بولمىغانلىقى ۋە تازا يۈكسەكلىكتە بولمىغانلىقى ئۈچۈن بۇ سۆزنى ئىشلىتىشتە مەۋھۇملۇق ساقلىنىپ كەلگەن. شۇڭا بۇ سۆز ھېچبىر پىكىر تۈزۈلمىسىنىڭ خاس تېرمىنولوگىيىسىگە ئايلىنالمىغان. قۇرئان كەرىم نازىل بولغاندىن كېيىن بۇ سۆزنى ئۆز مەقسىتى ئۈچۈن مۇناسىپ قاراپ، پۈتۈنلەي ئۈچۈق ۋە ئېنىق مەنىلەر ئۈچۈن ئىستېمال قىلىشقا باشلىغان ۋە ئۇنى ئۆزگىچە بىر ئىستىلاھقا،(يەنى تېرمىنولوگىيەلىك ئاتالغۇغا) ئايلاندۇرغان. قۇرئان كەرىمنىڭ تىلىدا «دىن» دېگەن سۆز تۆۋەندىكى تۆت نەرسىدىن تەركىب تاپقان بىر پۈتۈن تۈزۈمگە ۋەكىللىك قىلىدۇ.

1 ــ ئالىي ھوقۇق ۋە يۈكسەك ھاكىمىيەت،

2 ــ يۈكسەك ھاكىمىيەت ئالدىدا باش ئېگىش ۋە ئىتائەت قىلىش،

3 ـ مەزكۇر يۇكسەك ھاكىمىيەتنىڭ تەسىرىدە پۈتۈپ چىققان پىكىر ۋە ئەمەل تۈزۈلمىسى.

4 ـ بۇ تۈزۈمگە بولغان ۋاپادارلىققا يۇكسەك ھاكىمىيەت تەرىپىدىن بېرىلىدىغان مۇكاپات ياكى ئاسىيلىق ۋە ئۆزبېشىمچىلىققا بېرىلىدىغان جازا.

قۇرئان كەرىم بۇ سۆزنى بەزىدە بىرىنچى ۋە ئىككىنچى مەنىدە ئىشلەتسە، بەزىدە ئۈچىنچى مەنىدە، يەنە بەزىدە تۆتىنچى مەنىدە ئىشلىتىدۇ. بەزى جايلاردا «دىن» دېگەن سۆزنى ئىشلىتىشتە مەزكۇر تۆت مەنىۋى تەركىبنى ئۆز ئىچىگە ئالغان پۈتۈن بىر تۈزۈم كۆزدە تۇتۇلغان بولىدۇ. بۇ نۇقتىنى قېنى تۆۋەندىكى ئايەتلەر بىلەن ئايدىڭلاشتۇرۇپ باقايلى!

### «دىن» دېگەن سۆزنىڭ بىرىنچى ۋە ئىككىنچى مەنىدە ئىشلىتىلىشى

اللَّهُ الَّذِي جَعَلَ لَكُمُ الْأَرْضَ قَرَارًا وَالسَّمَاءَ بِنَاءً وَصَوَّرَكُمْ فَأَحْسَنَ صُوَرَكُمْ وَرَزَقَكُم مِّنَ الطَّيِّبَاتِ ذَٰلِكُمُ اللَّهُ رَبُّكُمْ فَتَبَارَكَ اللَّهُ رَبُّ الْعَالَمِينَ. هُوَ الْحَيُّ لَا إِلَٰهَ إِلَّا هُوَ فَادْعُوهُ مُخْلِصِينَ لَهُ الدِّينَ الْحَمْدُ لِلَّهِ رَبِّ الْعَالَمِينَ.

**ئەنە شۇ ئاللاھ سىلەرگە زېمىننى تۇرالغۇ، ئاسماننى بىنا قىلدى. سىلەرنى سۈرەتكە كىرگۈزگەندىمۇ ناھايىتى ياخشى سۈرەتكە كىرگۈزدى. سىلەرگە پاك نەرسىلەرنى رىزىق قىلىپ بەردى. (بۇ ئىشلارنى قىلغان) ئەنە شۇ ئاللاھ سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلاردۇر، ھېسابسىز بەرىكەتلىكتۇر ۋە كائىناتنىڭ رەببىدۇر. ئەنە شۇ ئاللاھ ھاياتتۇر، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ**

**ئاللاھ يوقتۇر، دىنىڭلارنى خالىس قىلغان ھالدا ئۇنىڭلا چاقىرىڭلار، جىمى ھەمدۇسانا ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھقا خاستۇر![1]**

قُلْ إِنِّي أُمِرْتُ أَنْ أَعْبُدَ اللَّهَ مُخْلِصًا لَّهُ الدِّينَ. وَأُمِرْتُ لِأَنْ أَكُونَ أَوَّلَ الْمُسْلِمِينَ... قُلِ اللَّهَ أَعْبُدُ مُخْلِصًا لَّهُ دِينِي. فَاعْبُدُوا مَا شِئْتُم مِّن دُونِهِ... وَالَّذِينَ اجْتَنَبُوا الطَّاغُوتَ أَن يَعْبُدُوهَا وَأَنَابُوا إِلَى اللَّهِ لَهُمُ الْبُشْرَى.

**ئۇلارغا ئېيتقىنكى، مەن دىنىمنى ئاللاھقا خالىس قىلىشقا ۋە ئۇنىڭغىلا بەندىچىلىك قىلىشقا بۇيرۇلدۇم. ھەممە ئالدى بىلەن ئۆزۈم ئىتائەتكە باش ئېگىشكە بۇيرۇلدۇم...**

**ئېيتقىنكى، مەن دىنىمنى ئاللاھقا خالىس قىلغان ھالدا ئۇنىڭغىلا بەندىچىلىك قىلىمەن، سىلەر ئاللاھتىن باشقا خالىغىنىڭلارغا ئىبادەت قىلىپ يۈرىۋېرىڭلار!... قانداقكى كىشىلەر تاغۇتقا ئەگىشىشتىن ئۆزىنى تارتىدىكەن ۋە ئاللاھ تەرەپكە مۇراجىئەت قىلىدىكەن، ئۇلارغا خۇشخەۋەر بېرىلىدۇ.** (سۈرە زۇمەر 11 ـ 17 ـ ئايەت)

إِنَّا أَنزَلْنَا إِلَيْكَ الْكِتَابَ بِالْحَقِّ فَاعْبُدِ اللَّهَ مُخْلِصًا لَّهُ الدِّينَ، أَلَا لِلَّهِ الدِّينُ الْخَالِصُ

**بىز ساڭا بۇ كىتابنى ھەقىقەتەن ھەق بىلەن نازىل قىلدۇق، شۇڭلاشقا سەن دىنىڭنى خالىس قىلغان ھالدا ئاللاھقىلا بەندىچىلىك قىلغىن. بىلىڭلاركى، دىن خالىس ئاللاھنىڭ ھەققىدۇر.** (سۈرە زۇمەر 2 ـ 3 ـ ئايەت)

وَلَهُ مَا فِي السَّمَاوَاتِ وَالأَرْضِ وَلَهُ الدِّينُ وَاصِبًا أَفَغَيْرَ اللَّهِ تَتَّقُونَ

[1] سۈرە غافىر 64 ـ 65 ـ ئايەت.

**ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى ھەممە نەرسە ئاللاھقا تەئەللۇقتۇر، دىن خالىس ئاللاھقا خاستۇر، شۇنداقتىمۇ ئاللاھتىن بۆلەك غەيرىيىدىن قورقامسىلەر؟ (يەنى ئاللاھتىن باشقا سىلەر ھۆكمىگە خىلاپلىق قىلىشتىن ئەنسىرەيدىغان، ئۇنى نارازى قىلىشتىن قورقىدىغان بىرەرسى بارمۇ؟)[1]**

أَفَغَيْرَ دِينِ اللَّهِ يَبْغُونَ وَلَهُ أَسْلَمَ مَن فِي السَّمَاوَاتِ وَالأَرْضِ طَوْعًا وَكَرْهًا وَإِلَيْهِ يُرْجَعُونَ

**ئەھلىكىتابلار ئاللاھنىڭ دىنىدىن باشقا دىننى تىلەمدۇ؟ ھالبۇكى، ئاسمانلاردىكىلەر ۋە زېمىندىكىلەر ئىختىيارىي ۋە ئىختىيارسىز رەۋىشتە ئاللاھقا بويسۇنغان تۇرسا ھەمدە ئۇلار ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتىدىغان تۇرسا؟[2]**

وَمَا أُمِرُوا إِلَّا لِيَعْبُدُوا اللَّهَ مُخْلِصِينَ لَهُ الدِّينَ حُنَفَاء

**ئۇلار پەقەت ئىخلاس بىلەن دىننى ئاللاھقىلا خالىس قىلغان ھالدا ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇلدى.[3]**

بۇ بارلىق ئايەتلەردە «دىن» دېگەن سۆز ئالىي ھوقۇق مەنىسىدە، شۇنداقلا يۈكسەك ھۆكۈمرانلىققا بويسۇنۇپ، ئۇنىڭغا ئىتائەت ۋە بەندىچىلىكنى قوبۇل قىلىش مەنىسىدە ئىشلىتىلگەن. دىننى ئاللاھقا خاسلاشتۇرۇشنىڭ مەنىسى شۇكى، ئىنسان ئاللاھتىن باشقىنىڭ ھاكىمىيىتىنى، ھۆكۈمرانلىقىنى ۋە باشقۇرۇشنى ئېتىراپ قىلماسلىقى ھەمدە ئۇزىنىڭ ئىتائىتى ۋە بەندىچىلىكىنى پەقەت ئاللاھقىلا خاسلاشتۇرۇشى لازىم. باشقا ھەرقانداق

[1] سۈرە نەھل 52 ـ ئايەت.
[2] سۈرە ئال ئىمران 83 ـ ئايەت.
[3] سۈرە بەييىنە 5 ـ ئايەت.

بىرسىگە بولغان قۇللۇق ۋە ئىبادەتنى ئاللاھنىڭ ئىبادىتىگە شېرىك قىلماسلىقى لازىم[①].

## «دىن» دېگەن سۆزنىڭ ئۈچىنچى مەنىدە ئىشلىتىلىشى

قُلْ يَا أَيُّهَا النَّاسُ إِن كُنتُمْ فِي شَكٍّ مِّن دِينِي فَلاَ أَعْبُدُ الَّذِينَ تَعْبُدُونَ مِن دُونِ اللّهِ وَلَكِنْ أَعْبُدُ اللّهَ الَّذِي يَتَوَفَّاكُمْ وَأُمِرْتُ أَنْ أَكُونَ مِنَ الْمُؤْمِنِينَ. وَأَنْ أَقِمْ وَجْهَكَ لِلدِّينِ حَنِيفًا وَلاَ تَكُونَنَّ مِنَ الْمُشْرِكِينَ.

**ئېيتقىنكى، «ئى ئىنسانلار! ئەگەر سىلەر مېنىڭ دىنىمدىن گۇمانلىنىدىغان بولساڭلار، (يەنى، مېنىڭ دىنىمنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئوچۇق بىلمىگەن بولساڭلار،) ئاڭلاپ قويۇڭلاركى، سىلەرنىڭ ئاللاھنى قويۇپ ئىبادەت ۋە قۇللۇق قىلىۋاتقان مەبۇدلىرىڭلارغا مەن ئىبادەت قىلمايمەن، بەلكى مەن سىلەرنى قەبزى روھ قىلىدىغان ئاللاھقا بەندىچىلىك قىلىمەن، مەن مۆمىنلەردىن بولۇشقا بۇيرۇلدۇم. ھەمدە ماڭا «يۈزۈڭنى ئىخلاس بىلەن مۇشۇ دىنغا تىك تۇرغىن، مۇشرىكلاردىن بولمىغىن» دەپ يوليورۇق بېرىلدى.[②]**

---

[①] يەنى ئاللاھتىن باشقا ھەرقانداق بىرسىگە ئىبادەت قىلىشقا توغرا كەلسە، ئۇنىڭغا ئاللاھنىڭ ئىبادىتى ئاستىدا، ئاللاھ بەلگىلەپ بەرگەن چەك، چېگرىلار دائىرىسىدە ئىبادەت قىلىش لازىم. بالىنىڭ دادىغا ئىبادەت قىلىشى، ئايالنىڭ ئەرگە ئىبادەت قىلىشى، قۇل ياكى خىزمەتچىنىڭ خوجايىنغا ئىبادەت قىلىشى قاتارلىق ئىبادەت تۈرلىرىنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭ ھۆكمىگە ئاساسەن بولۇشى ۋە ئاللاھ بەلگىلەپ بەرگەن دائىرە ئىچىدە بولۇشى لازىم. شۇنداق بولغاندىلا بۇ خىل ئىبادەتمۇ ئاللاھقا ئىبادەت قىلىش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ناۋادا بولاردىن ئازات ھالەتتە، باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئاللاھنىڭ ھۆكمىگە بىنائەن ئەمەس، بەلكى ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل ئىبادەتتە بولسا، ئۇ دەل ئاسىيلىق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭدەك، ئەگەر ھۆكۈمەت ئاللاھنىڭ قانۇنىنى ئاساس قىلغان ۋە شۇنى جارى قىلدۇرۇۋاتقان بولسا، ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىش ۋاجىپ بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر ئۇنداق بولمىغان ئەھۋالدىمۇ ھۆكۈمەتكە ئىبادەت قىلىش بولسا، دەل جىنايەت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

[②] سۈرە يۇنۇس 104 ــ 105 ــ ئايەت.

إِنِ الْحُكْمُ إِلاَّ لِلّهِ أَمَرَ أَلاَّ تَعْبُدُواْ إِلاَّ إِيَّاهُ ذَلِكَ الدِّينُ الْقَيِّمُ

ھۆكۈمرانلىق ئاللاھتىن باشقا ھېچكىشىگە مەنسۇپ ئەمەس، ئۇ سىلەرنى پەقەت ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇيدۇ، مانا بۇ تۈز، توغرا دىندۇر.[1]

وَلَهُ مَن فِي السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ كُلٌّ لَّهُ قَانِتُونَ... ضَرَبَ لَكُم مَّثَلًا مِنْ أَنفُسِكُمْ هَل لَّكُم مِّن مَّا مَلَكَتْ أَيْمَانُكُم مِّن شُرَكَاء فِي مَا رَزَقْنَاكُمْ فَأَنتُمْ فِيهِ سَوَاء تَخَافُونَهُمْ كَخِيفَتِكُمْ أَنفُسَكُمْ... بَلِ اتَّبَعَ الَّذِينَ ظَلَمُوا أَهْوَاءهُم بِغَيْرِ عِلْمٍ... فَأَقِمْ وَجْهَكَ لِلدِّينِ حَنِيفًا فِطْرَةَ اللَّهِ الَّتِي فَطَرَ النَّاسَ عَلَيْهَا لَا تَبْدِيلَ لِخَلْقِ اللَّهِ ذَلِكَ الدِّينُ الْقَيِّمُ وَلَكِنَّ أَكْثَرَ النَّاسِ لَا يَعْلَمُونَ.

مەيلى ئاسمانلاردىكى، مەيلى زېمىندىكى ھەممە نەرسە ئاللاھنىڭ قۇلىدۇر، ھەممىسى ئاللاھقا بويسۇنغۇچىدۇر... ئاللاھ سىلەرگە ئۆزۈڭلاردىن بىر مىسال كەلتۈرىدۇ، ئېيتىڭلاركى، قۇللىرىڭلاردىن بىرەرسى بىز سىلەرگە رىزىق قىلىپ بەرگەن مال- مۈلۈككە شېرىك بولسا، ئۇنى تەسەررۇپ قىلىش ۋە باشقۇرۇشتا قۇللىرىڭلارمۇ سىلەر بىلەن باراۋەر بولسا، ئۆزلىرىڭلار بىلەن باراۋەر ئازات كىشىلەردىن قورققاندەك ئۇلاردىن قورقۇشقا رازىمۇسىلەر؟ (بۇنىڭغا رازى بولمىغان ئىكەنسىلەر، مەخلۇقاتنىڭ ئاللاھقا شېرىك بولۇشىغا قانداق رازى بولىدۇڭلار؟)... بىراق ھەقىقەت شۇكى، زالىملار ئىلىمسىز ھالدا ئۆزلىرىنىڭ ئاساسسىز قاراشلىرىغا ئەگىشىپ كېتىپ بارىدۇ... شۇڭا سەن پۈتۈن ئىخلاس بىلەن بۇ دىننىڭ يولىدا ئۆزۈڭنى سابىت قەدەم قىلغىن، ئاللاھنىڭ ياراتقان تەبىئىتىگە (يەنى دىنىغا) ئەگەشكىنكى، ئاللاھ ئىنسانلارنى شۇ تەبىئەت (يەنى شۇ دىن) بىلەن ياراتقان، ئاللاھنىڭ ياراتقىنىدا

[1] سۈرە يۈسۈف 40 ــ ئايەت.

**ئۆزگىرىش بولمايدۇ، مانا بۇ توغرا دىندۇر[1]، لېكىن ئىنسانلارنىڭ تولىسى بىلمەيدۇ.** (سۈرە رۇم 26 ـ 30 ـ ئايەت)

الزَّانِيَةُ وَالزَّانِي فَاجْلِدُوا كُلَّ وَاحِدٍ مِّنْهُمَا مِئَةَ جَلْدَةٍ وَلَا تَأْخُذْكُم بِهِمَا رَأْفَةٌ فِي دِينِ اللَّهِ

**زىنا قىلغۇچى ئايال ۋە زىنا قىلغۇچى ئەرنىڭ ھەر بىرىنى يۈز دەررىدىن ئۇرۇڭلار، ئاللاھنىڭ دىنىنىڭ ئىشىدا ئۇلارغا رەھىم قىلماسلىقىڭلار كېرەك.** (سۈرە نۇر 2 ـ ئايەت)

إِنَّ عِدَّةَ الشُّهُورِ عِندَ اللَّهِ اثْنَا عَشَرَ شَهْرًا فِي كِتَابِ اللَّهِ يَوْمَ خَلَقَ السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضَ مِنْهَا أَرْبَعَةٌ حُرُمٌ ذَٰلِكَ الدِّينُ الْقَيِّمُ

**شۈبھىسىزكى، ئاسمان، زېمىن يارىتىلغاندىن تارتىپ ئايلارنىڭ سانى ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا (يەنى لەۋھۇلمەھپۇزدا) ئون ئىككى دۇر، ئۇلاردىن تۆتى ئۇرۇش قىلىش ھارام قىلىنغان ئايلاردۇر، مانا بۇ توغرا دىندۇر.**[2]

كَذَٰلِكَ كِدْنَا لِيُوسُفَ مَا كَانَ لِيَأْخُذَ أَخَاهُ فِي دِينِ الْمَلِكِ

**شۇنداق قىلىپ، بىز يۇسۇفقا مۇشۇ تەدبىر بىلەن ياردەم قىلدۇق. ئۇنىڭغا نىسبەتەن پادىشاھنىڭ قانۇنى بويىچە ئۇكىسىنى تۇتۇپ قېلىش جائىز ئەمەس ئىدى.**[3]

وَكَذَٰلِكَ زَيَّنَ لِكَثِيرٍ مِّنَ الْمُشْرِكِينَ قَتْلَ أَوْلَادِهِمْ شُرَكَاؤُهُمْ لِيُرْدُوهُمْ وَلِيَلْبِسُوا عَلَيْهِمْ دِينَهُمْ

---

[1] يەنى ئىنسانلار شۇنداق تەبىئەتتە يارىتىلغانكى، ئىنساننىڭ يارىتىلىشىدا، ئۇنىڭ رىزىق بىلەن تەمىن ئېتىلىشىدە، شۇنداقلا ئىنسانلارغا پەرۋەردىگارلىق قىلىشتا ئاللاھتىن باشقا ئىككىنچى بىر شېرىك يوق. ئاللاھتىن باشقا ئىككىنچى بىرسى ئۇنىڭ خۇداسىمۇ ئەمەس، ئىگىسىمۇ ئەمەس، ھەققىي ئىتائەت قىلىنغۇچىسىمۇ ئەمەس. دېمەك خالىس تەبىئىي يول شۇكى، ئىنسان پەقەتلا ئاللاھنىڭ بەندىسى بولۇشى لازىم. ئاللاھتىن باشقا ئىككىنچى بىرسىگە بەندە بولماسلىقى لازىم.

[2] سۈرە تەۋبە 36 ـ ئايەت.

[3] سۈرە يۇسۇف 76 ـ ئايەت



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

**شۇنىڭدەك، مۇشرىكلارنىڭ شېرىكلىرى[1] ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكىگە ئۆز ئەۋلادلىرىنى ئۆلتۈرۈشنى چىرايلىق كۆرسەتتى، (بۇ ئارقىلىق) ئۇلارنى هالاكەتكە مۇپتىلا قىلماقچى ۋە دىنىنى شۇبهىلىك قىلىپ قويماقچى ئىدى[2].**

أَمْ لَهُمْ شُرَكَاء شَرَعُوا لَهُم مِّنَ الدِّينِ مَا لَمْ يَأْذَن بِهِ اللَّهُ

**ئۇلارنىڭ ئاللاھ رۇخسەت قىلمىغان نەرسىلەرنى دىنغا ئوخشاش قانۇن قىلىپ بېكىتكەن شېرىكلىرى بارمۇ؟[3]**

لَكُمْ دِينُكُمْ وَلِيَ دِينِ

**«سىلەرنىڭ دىنىڭلار ئۆزۈڭلار ئۈچۈن، مېنىڭ دىنىممۇ ئۆزۈم ئۈچۈن.»**
(سۈرە كافىرۇن 6 ـ ئايەت)

بۇ ئايەتلەرنىڭ هەممىسىدە «دىن» دېگەن سۆز قانۇن، پرىنسىپ، شەرىئەت، يول مەنىسىدە ئىشلىتىلگەن بولۇپ، ئىنساننىڭ هايات كەچۈرۈشى ئۈچۈن رىئايە قىلىشى مۇهىم بولغان پىكىر، ئەمەل تۈزۈلمىسىنى بىلدۈرىدۇ. ناۋادا قانۇن ـ تۈزۈمگە رىئايە قىلىنىشىغا ئاساس بولغان هاكىمىيەتنىڭ هۆججىتى ئاللاهنىڭ هاكىمىيىتىنىڭ هۆججىتى بولغان بولسا، ئۇنىڭغا رىئايە قىلغان كىشى ئاللاهنىڭ دىنىدا بولغان بولىدۇ. ناۋادا بىرەر پادىشاھ هاكىمىيىتىنىڭ هۆججىتى بولغان بولسا، پادىشاهنىڭ دىنىدا بولغان بولىدۇ.

[1] شېرىكلىرى دېگەن سۆز هۆكۈم يۈرگۈزۈش، قانۇن چىقىرىش، جۈملىدىن خۇدالىق قىلىشتا ئاللاهقا شېرىك بولۇشنى بىلدۈرىدۇ.

[2] دىنىنى شۇبهىلىك قىلىپ قويۇشنىڭ مەنىسى، «يالغان شەرىئەتچىلەر (يەنى قانۇنچىلار) بۇ گۇناهنى شۇ قەدەر چىرايلىق قىلىپ كۆرسەتكەنكى، ئەرەب خەلقى «بەلكىم بۇ ئىشمۇ دەسلەۋىدىنلا ئىبراهىم ۋە ئىسمائىل ئەلەيهىسسالاملاردىن داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان دىنىنىڭ بىر قىسمى بولسا كېرەك» دەپ چۈشىنىپ قالدى» دېگەننى بىلدۈرىدۇ.

[3] سۈرە شورا 21 ـ ئايەت.

ناۋادا ھۆججەت ئېلىنىۋاتقان ھاكىمىيەت راھىب، ماشايىخلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى بولغان بولسا، ئۇنىڭغا رىئايە قىلغان كىشى دەل ئاشۇ راھىب، ماشايىخلارنىڭ دىنىدا بولغان بولىدۇ. شۇنىڭدەك، ناۋادا ئائىلە، خانىدانىنىڭ، ياكى مىللىتى جۇمھۇرىيەتنىڭ ھۆكۈمرانلىقى بولغان بولسا، ئىنسان دەل شۇلارنىڭ دىنىدا بولغان بولىدۇ. قىسقىسى، ئىنسان قانداقلا بىر ھۆججەت ياكى قانداقلا بىر قارارنى ئاخىرقى مۇتلەق قارار دەپ بىلىپ، شۇنىڭ كۆرسەتكەن يولىدا ماڭسا، دەل شۇنىڭ دىنىدا ماڭغان بولىدۇ.

## «دىن» دېگەن سۆزنىڭ تۆتىنچى مەنىدە ئىشلىتىلىشى

إِنَّمَا تُوعَدُونَ لَصَادِقٌ وَإِنَّ الدِّينَ لَوَاقِعٌ

**سىلەرگە يەتكۈزۈلگەن (ئۆلۈمدىن كېيىن قايتا تىرىلىش ھەققىدىكى) خەۋەر ئەلۋەتتە راستتۇر ۋە دىن (يەنى، ياخشى ئەمەللەرنى مۇكاپاتلاش، يامان ئەمەللەرنى جازالاش) چوقۇم بولىدىغان ئىشتۇر. (زارىيات 5 ــ 6 ــ ئايەت)**

أَرَأَيْتَ الَّذِي يُكَذِّبُ بِالدِّينِ فَذَلِكَ الَّذِي يَدُعُّ الْيَتِيمَ وَلَا يَحُضُّ عَلَى طَعَامِ الْمِسْكِينِ

**دىننى ئىنكار قىلغان ئادەمنى كۆردۈڭمۇ؟ ئۇ دەل يېتىمنى دۆشكەللەيدىغان، مىسكىنگە تاماق بېرىشنى تەرغىب قىلمايدىغان ئادەمدۇر.**[1]

وَمَا أَدْرَاكَ مَا يَوْمُ الدِّينِ ثُمَّ مَا أَدْرَاكَ مَا يَوْمُ الدِّينِ يَوْمَ لَا تَمْلِكُ نَفْسٌ لِنَفْسٍ شَيْئًا وَالْأَمْرُ يَوْمَئِذٍ لِلَّهِ

---

[1] سۈرە مائۇن 1 ــ 3 ــ ئايەت.

**«سەن دىن كۈنىنىڭ قانداقلىقىنى نېمە بىلىسەن؟ سەن دىن كۈنىنىڭ زادى نېمە ئىكەنلىكىنى نېمە بىلىسەن؟ ئۇ كۈندە بىر ئادەمنىڭ يەنە بىر ئادەمگە ياردەم بېرىشى قولىدىن كەلمەيدۇ، ئۇ كۈندە پۈتۈن ھوقۇق ئاللاھنىڭ ئىلكىدە بولىدۇ.»** (سۈرە ئىنفىتار 17 ـ 19 ـ ئايەت)

بۇ ئايەتلەرنىڭ ھەممىسىدە «دىن» دېگەن سۆز ھېساب، قارار، ئەمەللەرگە جازا ياكى مۇكاپات مەنىسىدە ئىشلىتىلگەن.

## «دىن» دېگەن سۆزنىڭ ئومۇمىي ئىستىلاھ بولۇپ (يەنى تېرمىن بولۇپ) ئىشلىتىلىشى

قۇرئان كەرىم يۇقىرىقى ئايەتلەرنىڭ ھەممىسىدە «دىن» دېگەن سۆزنى ئەرەبلەرنىڭ ئومۇمىي دىئالوگلىرىدا قوللىنىپ كېلىۋاتقان مەنىلەر ئۈچۈن ئىشلەتكەن. ئەمدى بىز ئۇنىڭ ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر «تېرمىن» سالاھىيىتىدە ئىشلىتىلىۋاتقانلىقىنى ھەمدە ئۇنىڭدا، ئىنسان بىرەر ئالىي ھۆكۈمرانلىقنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنىڭغا ئىتائەت ئۈچۈن باش ئېگىدىغان، ئۇنىڭ بەلگىلىگەن قانۇن ـ تۈزۈم، پرىنسىپلىرىغا ئاساسەن ھايات كەچۈرىدىغان، ئۇنىڭغا ئىتائەتمەن بولۇش ئارقىلىق ئىززەت، مەرتىۋە، تەرەققىي ئىنئاملارنى ئۈمىد قىلىدىغان، ئۇنىڭغا ئىتائەتسىزلىك قىلىشتا خارلىققا قېلىشتىن، چۈشكۈنلىشىشتىن ۋە جازالىنىشتىن قورقىدىغان بىر مۇكەممەل ھاياتلىق تۈزۈمى كۆزدە تۇتۇلۇۋاتقانلىقىنى كۆرىمىز. بەلكىم دۇنيادىكى ھەرقانداق باشقا تىلدا مانا بۇلارنىڭ

ھەممىنى تەڭلا ئۆز ئىچىگە ئالالايدىغان ئاشۇ بارلىق تۇيغۇمىنى ئىپادىلىيەلەيدىغان بىرەر «تېرمىن» بولمىسا كېرەك. ھازىرقى دەۋردە بىز قوللىنىۋاتقان ئىنگلىزچە ‹State› يەنى، ‹شتات› دېگەن سۆز گەرچە ئۇنىڭغا ئازراق يېقىن كەلگەندەك قىلسىمۇ، لېكىن يەنىلا «دىن» دېگەن سۆز ئۆز ئىچىگە ئالغان مەنىلەرنىڭ پۈتۈن كەڭلىكىنى ئۆز ئىچىگە ئالالمايدۇ. تۆۋەندىكى ئايەتلەردە «دىن» دېگەن سۆز دەل ئەنە شۇنداق ئاتالغۇش (يەنى تېرمىن) ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن.

قَاتِلُواْ الَّذِينَ لاَ يُؤْمِنُونَ بِاللّهِ وَلاَ بِالْيَوْمِ الآخِرِ وَلاَ يُحَرِّمُونَ مَا حَرَّمَ اللّهُ وَرَسُولُهُ وَلاَ يَدِينُونَ دِينَ الْحَقِّ مِنَ الَّذِينَ أُوتُواْ الْكِتَابَ حَتَّى يُعْطُواْ الْجِزْيَةَ عَن يَدٍ وَهُمْ صَاغِرُونَ

**سىلەر ئەھلى كىتابتىن ئاللاھقا ئىشەنمەيدىغانلار (يەنى ئاللاھنى يېگانە ئالىي ھۆكۈمران دەپ ئېتىراپ قىلمايدىغانلار) بىلەن[1] ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشەنمەيدىغانلار (يەنى ھېساب ئېلىنىدىغان كۈنگە، مۇكاپات ياكى جازا بېرىلىدىغان كۈنگە ئىشەنمەيدىغانلار) بىلەن[2]، ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى ھارام قىلغان نەرسىلەرنى ھارام بىلمەيدىغانلار بىلەن[3] ھەمدە ھەق دىننى ئۆز دىنى قىلمايدىغانلار بىلەن تاكى ئۇلار سىلەرگە بويسۇنۇپ، خار ھالدا جىزيە تاپشۇرغانغا قەدەر، ئۇرۇش قىلىڭلار.** (سۈرە تەۋبە 29 ـ ئايەت)

[1] بۇ «دىن» دېگەن سۆزنىڭ بىرىنچى ۋە ئىككىنچى مەنىسى. يەنى بىرىنچىسى غەلىبە، ئىستىلا، ھۆكۈمرانلىق. ئىككىنچىسى، ئىتائەت، بويسۇنۇش، رىئايە قىلىش.
[2] بۇ «دىن» دېگەن سۆزنىڭ تۆتىنچى مەنىسى. يەنى ئەمەل، بەدەل، مۇكاپات، جازا، قارار، ھېساب.
[3] بۇ «دىن» دېگەن سۆزنىڭ ئۈچىنچى مەنىسى، يەنى شەرىئەت، قانۇن، يول، ئېتىقاد، ئىزىم.

بۇ ئايەتتە «ھەق دىن» دېگەن سۆز ئىستىلاھى (تېرمىنولوگىيىلىك) سۆز بولۇپ، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ پۈتۈن ئۇقۇملىرىنى ئالدىنقى ئۈچ جۈملىدە ئوچۇق شەرھلەپ بەرگەن. بىز ئاستىغا ئىزاھات بېرىش ئارقىلىق «دىن» دېگەن سۆزنىڭ شۇ تۆت مەنىسىنىڭ ئاشۇ جۈملىلەردە بايان قىلىنغانلىقىنى ھەممە شۇ تۆت ئۇقۇم جۇغلانمىسىغا ئاخىرىدا «ھەق دىن» دېگەن سۆز بىلەن تەبىر بېرىلگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ ئۆتتۇق.

وَقَالَ فِرْعَوْنُ ذَرُونِي أَقْتُلْ مُوسَى وَلْيَدْعُ رَبَّهُ إِنِّي أَخَافُ أَن يُبَدِّلَ دِينَكُمْ أَوْ أَن يُظْهِرَ فِي الْأَرْضِ الْفَسَادَ

**پىرئەۋن ئوردا ئەمەلدارلىرىغا: «مېنى قۇيۇۋېتىڭلار، مەن مۇسانى ئۆلتۈرىمەن، ئۇ ئەمدى پەرۋەردىگارىنى ياردەمگە چاقىرىپ باقسۇن، مەن قورقۇمەنكى، مۇسا دىنىڭلارنى ئۆزگەرتىۋېتىدۇ ياكى دۆلەتتە قالايمىقانچىلىق تۇغدۇرىدۇ» دېدى.** (سۈرە غافىر 26 ـ ئايەت)

قۇرئان كەرىمدىكى مۇسا ئەلەيھىسسالام بىلەن پىرئەۋن قىسسىسىنىڭ تەپسىلاتى ئەستايىدىل كۆرۈپ چىقىلىدىغان بولسا، شۇنىڭدا قىلچە شۈبھىگە ئورۇن قالمايدۇكى، بۇ يەردىكى «دىن» دېگەن سۆز قانداقتۇر پەقەتلا ئېتىقاد مەنىسىدە ئىشلىتىلگەن ئەمەس، بەلكى دۆلەت ۋە مەدەنىيەت تۈزۈمى مەنىسىدە ئىشلىتىلگەن. پىرئەۋننىڭ «مۇسا ئۆز ئىشىدا غەلىبە قىلىپلا سالسا، شتاتىمىزنى ئۆزگەرتىۋېتىدۇ» دېگەنلىكىنىڭ مەنىسى، «پىرئەۋن ھاكىمىيىتى ئاستىدا يۈرگۈزۈلۈۋاتقان قانۇن، تۈزۈملەرنىڭ يىلتىزى پۈتۈنلەي كېسىپ تاشلىنىدۇ، ئۇنىڭ ئورنىغا باشقا بىرەر تۈزۈم ئورنىتىلىدۇ، ياكى بولمىسا،

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

باشتىن ـ ئاخىر ھېچبىر تۈزۈم قالمىغان بولىدۇ، شۇنىڭ بىلەن پۈتۈن دۆلەتتە قالايمىقانچىلىق تۇغۇلىدۇ» دېگەننى بىلدۈرىدۇ.

إِنَّ الدِّينَ عِندَ اللَّهِ الإِسْلَامُ

**ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ نەزىرىدىكى مەقبۇل دىن پەقەت ئىسلامدۇر.** (سۈرە ئال ئىمران 19 ـ ئايەت)

وَمَن يَبْتَغِ غَيْرَ الإِسْلَامِ دِينًا فَلَن يُقْبَلَ مِنْهُ

**كىمكى ئىسلامدىن غەيرىي دىننى ئىزدەيدىكەن، ئۇنىڭ تاللىغان دىنى ھەرگىز قوبۇل قىلىنمايدۇ.**[①]

هُوَ الَّذِي أَرْسَلَ رَسُولَهُ بِالْهُدَى وَدِينِ الْحَقِّ لِيُظْهِرَهُ عَلَى الدِّينِ كُلِّهِ وَلَوْ كَرِهَ الْمُشْرِكُونَ

**ئەنە شۇ ئاللاھ ھەق دىننى بارلىق دىنلاردىن ئۈستۈن قىلىش ئۈچۈن ئۆز پەيغەمبىرىنى ھىدايەت ۋە ھەق دىن بىلەن ئەۋەتتى، گەرچە مۇشرىكلار ھەرقانچە يامان كۆرگەن تەقدىردىمۇ.** (سۈرە تەۋبە 33 ـ ئايەت)

وَقَاتِلُوهُمْ حَتَّى لَا تَكُونَ فِتْنَةٌ وَيَكُونَ الدِّينُ كُلُّهُ

**(ئى مۆئمىنلەر!) پىتنە تۈگىگەن ۋە دىن پۈتۈنلەي ئاللاھنىڭلا بولغانغا قەدەر ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلىڭلار.**[②]

إِذَا جَاءَ نَصْرُ اللَّهِ وَالْفَتْحُ وَرَأَيْتَ النَّاسَ يَدْخُلُونَ فِي دِينِ اللَّهِ أَفْوَاجًا فَسَبِّحْ بِحَمْدِ رَبِّكَ وَاسْتَغْفِرْهُ إِنَّهُ كَانَ تَوَّابًا

**ئاللاھنىڭ ياردىمى ۋە غەلىبىسى كەلگەن ۋە ئاللاھنىڭ دىنىغا كىشىلەرنىڭ توپ ـ توپ بولۇپ كىرگەنلىكىنى كۆرگىنىڭدە، رەببىڭگە تەسبىھ ئېيتقىن،**

① سۈرە ئال ئىمران 85 ـ ئايەت.

② سۈرە ئەنفال 39 ـ ئايەت.

**ھەمدۇ ئېيتقىن ۋە ئۇنىڭدىن مەغپىرەت تىلىگىن. ئاللاھ ھەقىقەتەن تەۋبىنى ناھايىتى قوبۇل قىلغۇچىدۇر.** (سۈرە نەسر)

بۇ بارلىق ئايەتلەردە، «دىن» دېگەن سۆز مۇكەممەل ھاياتلىق تۈزۈمى ئۈچۈن ۋە ئۇنىڭ بارلىق ئېتىقادىي، نەزەرىيىۋىي، ئەخلاقىي، ئەمەلىي تەرەپلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا ئىشلىتىلگەن.

دەسلەپكى ئىككى ئايەتتە ئاللاھنىڭ نەزىرىدە ئىنسانغا نىسبەتەن توغرا ھاياتلىق تۈزۈمى پەقەت ئاللاھقا بولغان ئىتائەت ۋە بەندىچىلىكنى (يەنى ئىسلامنى) ئاساس قىلغان تۈزۈم ئىكەنلىكى، ئۇنىڭدىن باشقا ھەرقانداق خىيالى ھۆكۈمرانلارنىڭ ئىتائىتىنى ئاساس قىلغان تۈزۈملەر پۈتۈن كائىناتنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھنىڭ ھوزۇرىدا ھەرگىز قوبۇل بولمايدىغانلىقى سۆزلەنگەن بولۇپ، ئىنسان كىمنىڭ مەخلۇقى، مۈلكى، ۋە بېقىندىسى بولغان بولسا، كىمنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا تەۋە بولغان بولسا، ئۇ ھەرگىزمۇ ئەسلى ئىگىسىدىن باشقا ھۆكۈمرانغا بەندىچىلىك ۋە ئىتائەت قىلىش ئاساسىدا ھايات كەچۈرۈشنى قوبۇل قىلالمايدۇ ھەمدە ئۇنىڭ كۆرسەتمىلىرىگە بىنائەن يول تۇتۇشقا ئەسلى ئىگىسىدىن باشقىسى قەتئىي ھەقلىق بولالمايدۇ.

ئۈچىنچى ئايەتتە بولسا، ئاللاھنىڭ ئۆز پەيغەمبەرلىرىنى ئاشۇ توغرا ھەققانىي ھاياتلىق تۈزۈمى بىلەن يەنى ئىسلام بىلەن ئەۋەتكەنلىكى، پەيغەمبەرلەرنىڭ ئىنقىلاب غايىسى بۇ تۈزۈمنى باشقا بارلىق تۈزۈملەردىن ئۈستۈن قىلىش ئىكەنلىكى بايان قىلىنغان.

تۆتىنچى ئايەتتە ئىسلام دىنىغا ئەگەشكۈچىلەرگە ھۆكۈم قىلىنىپ، «پۈتۈن دۇنيا بىلەن ئۇرۇش قىلىڭلار، تاكى پىتنە تۈگەپ (يەنى، ئاللاھقا ئاسىيلىق

قىلىشنى ئاساس قىلغان بۇ تۈزۈملەرنىڭ دۇنيادىكى مەۋجۇتلۇقى يوقىلىپ)، پۈتۈن ئىتائەت تۈزۈمى ئاللاھقىلا خاس بولغانغا قەدەر دەم ئالماڭلار» دېيىلگەن.

بەشىنچى ئايەت، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام 23 يىلغا قەدەر توختىماي كۈرەش قىلىپ، ئەرەب زېمىنىدا ئىنقىلابنى تاكامۇللۇق باسقۇچىغا يەتكۈزۈپ بولغان چاغدا خىتاب قىلىنغان بولۇپ، شۇ چاغدا ئىسلام ئۆزىنىڭ تولۇق ئوبرازى بىلەن بىر پۈتۈن ئېتىقادىي، پىكرىي، ئەخلاقىي، مەدەنىي، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي، سىياسىي تۈزۈم بولۇش سالاھىيىتىدە تىكلىنىپ بولغان ئىدى. ئەرەب زېمىنىنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىدىن كىشىلەر توپ - توپ بولۇپ، بۇ تۈزۈمنىڭ دائىرىسىگە ئۆزىنى تاپشۇرماقتا ئىدى. شۇنداق قىلىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ۋەزىپە قىلىنغان ئىش تاكامۇللىشىپ بولغان چاغدا، ئۇنىڭغا، «بۇ تۆھپىنى ئۆزەڭنىڭ تۆھپىسى بىلىپ، پەخىرلىنىپ يوغانچىلىق قىلىپ سالمىغىن. ئەيىب، نۇقساندىن پاك زات پەقەتلا سېنىڭ پەرۋەردىگارىڭدۇر. بۇ ئۇلۇغ ئىشنىڭ نەتىجىسى ئۇچۇن ئاللاھقا ھەمدۇ - سانا بىلەن تەسبىھ ئېيتقىن، ھەمدە ئاللاھقا ئىلتىجا قىلىپ، ‹ئى ئىگەم! بۇ 23 يىل داۋامىدا ئۆز ۋەزىپەمنى ئادا قىلىشتا قانداقلا ئەيىب، نۇقسان، يېتەرسىزلىكلەر مەندىن ئۆتۈلگەن بولسا، ئۇنى ئەپۇ قىلغىن› دەپ تىلىگىن» دەپ خىتاب قىلىنغان.